يۈسۈف قەرزاۋى

# ئىنسانىيەتنىڭ ئىسلام مەدەنىيىتىگە موھتاجلىقى

تەرجىمە قىلغۇچى: سەيپۇللاھ

ئۇيغۇر تەرجىمە مەركىزى

# حاجة البشرية إلى الرسالة الإسلامية الحضارية

تأليف: دكتور يوسف القرضاوى

ترجمه: سيف الله

www.munber.org

# مۇندەرىجە


كىرىش سۆز ........................................................ 4
ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ روھى .................................... 10
غەرب (ياۋروپا) پىكرىنىڭ ئالاھەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى .......... 12
غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى .................... 20
غەرب مەدەنىيىتىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ سىرى .................. 24
ئىلىم ـ پەن، پىكىر ۋە ئەدەبىيات يېتەكچىلىرىنىڭ
ئاگاھلاندۇرۇشلىرى .................................................... 24
مەشھۇر ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى ............................ 30
غەرب ئىلمى دىندىن يىراق ............................................ 34
پەلسەپىنىڭ ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىشتىن ئاجىزلىقى .... 36
پەلسەپىنىڭ توقۇنۇشى ۋە زىددىيىتى ................................... 38
پەلسەپىنىڭ ئەسىرلەر بويى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى .......... 40
دىندىن باشقىسى ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ ...................... 43
خرىستىئان دىنىنىڭ قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىشتىن ئاجىزلىقى . 46
يەھۇدىي دىنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىشتىن تېخىمۇ ئاجىز........ 53
ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىدىن باشقا قۇتۇلدۇرغۇچى تېپىلمايدۇ . 55
نوپۇزلۇق يەتتە يۆنىلىش ................................................ 58
ئىسلام ئۇممىتىنىڭ مەدەنىيەت رىسالىسى ............................. 77
ئىسلام مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قىممەتلىرى:...................... 79
نورماللىق ۋە تەڭپۇڭلۇق رىسالىسى .................................... 81
مۇكەممەللىك رىسالىسى ................................................ 82
ھەربى كۈچ- مەنىۋى روھ ................................................ 83
ئىسلامدىكى ئىلىم ـ پەن ۋە ئىماننىڭ مۇكەممەللىشىشى.......... 84
مەدەنىيىتىمىز ئىلىم ۋە ئىمان مەدەنىيىتىدۇر.......................... 88
ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنى................................... 92
ئىماننى يېڭىلاش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش لازىم ........................ 94
خاتىمە ............................................................... 100


www.munber.org

# كىرىش سۆز

ئالەم بىر قانچىلىغان ئورۇنلاردا، خىلمۇخىل زامانلاردا بىر قانچە مەدەنىيەتلەرنى بېشىدىن كەچۈردى. بۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ بەزىسى بىر مەزگىل گۈللىنىپ گۇمران بولدى. بەزىسى بىر ئىككى ئەسىر دەۋر سۈردى، يەنە بەزىللىرى بىر قانچە ئەسىر دەۋر سۈردى.

بىراق ئالەم بۈگۈنكىدەك مەدەنىيەتنى كۆرۈپ باقمىدى. بۇ مەدەنىيەتنىڭ دائىرىسى كېڭىيىپ، يەر شارىنىڭ شەرقى-غەربى، شەھەر ۋە يېزا قىشلاقلارغا قەدەر تەسىر كۆرسەتتى.

شۇنداقلا بۇ مەدەنىيەت ئىنسانىيەتكە كەڭتاشا تۇرمۇش كەچۈرۈش ئامىللىرىنى ھازىرلاپ بەردى. ھاياتنىڭ بۇ خىل شەكىلدە گۈللىنىشى ئىنسانىيەتنىڭ چۈشىگىمۇ كىرىپ باقمىغان ئىدى.

مۇشۇنداق ئىمكانىيەت ۋە يۇقىرى ئىقتىدار بولسىمۇ، بۇ مەدەنىيەت ئاللاھنىڭ ئىنساندا ياراتقان تەبىئىتىگە رىئايە قىلمىدى. ئىنسانىيەتنىڭ شەخسى خۇسۇسىيەتلىرىنى مۇھاپىزەت قىلالمىدى. ئىنساننىڭ كەلگۈسى ۋە ئاقىۋىتىگە پىسەنت قىلىپ قويمىدى. مەدەنىيەت بايرىقى ۋە تەرەققىياتى ئىنسانغا نىسبەتەن خەتەرلىك بىر نەرسىگە ئايلاندى.

ئاللاھتىن بىھاجەت بولۇش، ئاللاھنى ھاكىمىيەت ئورنىدىن يىراقلاشتۇرۇش، -خۇددى بۇ ئالەمنى يارىتىپ قويغاندەك-خالىغانچە ئىش ئىلىپ بېرىش بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئىدىيىسىدۇر. شۇنداقلا بۇ مەدەنىيەت ماددى ئەشيالارنىڭ قەدىر قىممىتىنى

www.munber.org

كۆتۈردى، مەنىۋى بولغان نەرسىنىڭ قەدىر قىممىتىنى چۈشۈرۈۋەتتى. كۆپ تاۋار ئىشلەپچىقىرىش ۋە شەھۋەت، ھاۋايى - ھەۋەس تۈرلىرىنى كۆپەيتىشنى تەرەققىيات دەپ ساندى. شۇ سەۋەپتىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ گەرچە جىسمى چوڭ بولسىمۇ روھى قورۇلدى. ئوتنىڭ تەسىرى بولسىمۇ نۇرى ئۆچتى. شۇ سەۋەپتىن بۇ مەدەنىيەت دىنسىز دۇنيا، ئىمانسىز ئىلىم -پەن، روھسىز ھەيكەل بولۇپ قالدى.

بۇ مەدەنىيەتكىمۇ ئىلگىرىكى مەدەنىيەتكە يەتكەن بالا قازانىڭ يېتىپ قېلىش خەۋپى ئىلىم -پەن، مۇتەپەككۇر، ئەدەبىيات، سىياسەت ئىگىلىرىدىن ئىخلاسمەن بولغانلارنى ئەنسىرەتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇلار ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرقىنى چېلىشقا باشلىدى.

بىز مۇسۇلمانلارمۇ بۇ مەدەنىيەتنىڭ ۋەيران بولۇپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمىز، چۈنكى بۇ مەدەنىيەتتە ئىنسانىيەت پايدىلىنالايدىغان ياخشىلىق تەرەپلىرى بار. شۇنداقلا بارلىق ئىنسانلارغا خەتەر بولىدىغان يامانلىق تەرەپلىرىمۇ بار. بىز ئۇنىڭ ياخشىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ، يامانلىق تەرەپلىرىدىن ساقلىنىپ قالساق بولىدۇ.

بۇنداق بىر مۇھىتنىڭ بارلىققا كېلىشى، مۇسۇلمانلار ئالەمگە تەقدىم قىلىدىغان ئىسلام مەدەنىيىتى ئارقىلىقلا رىئاللىققا ئايلىنىدۇ. ئىسلام مەدەنىيىتى ئورتاھاللىق، تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن ئالاھىدە بولغان خۇدا كوي، ئىنسانپەرۋەر ۋە ئەخلاق مەدەنىيىتىدۇر.

www.munber.org

بۇ مەدەنىيەت ئىنسانىنىڭ زېمىنىنى گۈللەندۈرۈشى، ئاللاھنىڭ يەر شارىدىكى خەلىپىسى بولۇشى ۋە ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشى ئۈچۈن، مەنپەئەتلىك ئىلىم -پەن، سادىق ئىمان، ياخشى ئىش - ھەرىكەت، ھەقىقەت ۋە ئادالەتنى جانلاندۇرۇش ئارقىلىق قولايلىق پۇرسەت يارىتىپ بېرىدۇ.

بىز ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى ئۆرۈپ تاشلاشنى خالىمايمىز. چۈنكى بۇ ھەممىمىزنىڭ بېشىغا ئۆرۈلىدۇ. بىز ئۇ مەدەنىيەتنى ھىمايە قىلىپ قېلىشنى ۋە ئۇ مەدەنىيەتكە- ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىۋاتقان غەرق قىلغۇچى زور دولقۇنلاردىن- ساقلىنىش يەلكىنىنى تەقدىم قىلىشنى ئىرادە قىلىمىز.

بىز مۇسۇلمانلار بۈنىڭ بىردىن -بىر چارىسىغا ئىگە، ئۇ بولسىمۇ ئىسلام دىنىدۇر.ئاللاھ پۈتۈن پەيغەمبەرلەرنى شۇ دىن بىلەن ئەۋەتكەن، بارلىق كىتابلارنى شۇ دىن بىلەن چۈشۈرگەن ۋە بارلىق ئىنسانىيەتكە ھايات پىرىنسىپى قىلىپ شۇ دىننى تاللىغان. بىراق بىزنىڭ ئۈستىمىزدىكى بىردىن -بىر شەرت، دىنىمىزنى ياخشى چۈشىنەيلى، ئەمەل قىلايلى ۋە ئەمەلىيەت ئارقىلىق نەمۇنە شەكلىدە تەقدىم قىلايلى. شۇ ۋاقىتىدا ئاللاھ ئىرادە قىلغاندەك :« شۇنىڭدەك( يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۈممەت قىلدۇق» دېگەن ئۈممەت بولالايمىز. (سۈرە -بەقەرە- 143 -ئايەت) .

"قۇرۇلما " دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئورنىغا "رىسالە" دېگەن ئىسلام ئاتالغۇسىنى ئىستېمال قىلدۇق.

www.munber.org

بىز بۇ ماقالىمىزدە، ماددا بىلەن روھنى بىرلەشتۈرىدىغان، دۇنيا بىلەن ئاخىرەتنى تۇتاشتۇرىدىغان، خۇداگۇيلۇق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىكنى بىرلەشتۈرىدىغان، ئەقىل بىلەن قەلبنى ماسلاشتۇرىدىغان، شەخسى ئەركىنلىك بىلەن جەمئىيەت مەنپەئەتىنى تەڭپۇڭلاشتۇرىدىغان بۇ رىسالىگە( مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىگە) ئىنسانىيەتنىڭ ـ بولۇپمۇ ماددى تەرەپتىن يۇقىرى نەتىجە قازانغان غەرب ئەللىرىنىڭ ـ جىددى موھتاج ئىكەنلىكىنى بايان قىلدۇق.

توغرا، غەرب ئەللىرى ماددى تەرەققىياتتا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۈگۈنكى دۇنيادا: تېخنىكا ئىنقىلابى، ئېلېكترون ئىنقىلابى، ئالەم بوشلۇقى ئىنقىلابى، ئۇچۇر ئىنقىلابى ۋە ئالاقىلىشىش ئىنقىلابىدىن ئىبارەت تونۇشلۇق بولغان ئىنقىلابلارنى رىئاللىققا ئايلاندۇردى. ھەتتائاي شارىغىمۇ قەدەم باسالىغان غەرب ئەللىرى، ئۆزىگە يەر شارى ئۈستىدە خاتىرجەملىك ۋە بەخت سائادەتنى قولغا كەلتۈرەلمىدى.

ئىنسانلار خاتىرجەملىك ۋە بەخت سائادەتنى ئىسلام رىسالىسىدىن باشقا يەردە تاپالمايدۇ. ئىسلام مەدەنىيەت رىسالىسى ئىنسانغا ئىمان ئاتا قىلىدۇ، ئىلىم پەندىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ئاخىرەت بىلەن باغلايدۇ، دۇنيادىن مەھرۇم قويمايدۇ. ئاسمان بىلەن تۇتاشتۇرىدۇ، يەر شارىدىن مەھرۇم قويمايدۇ.

بۇ مەدەنىيەتنى ئۇ رىسالىگە ھەقىقى ئېسىلىپ ماڭىدىغان، ئىلىم، ئەمەل، پىكىر، دەستۇر، ئەخلاق ۋە ئىستىل جەھەتتە مۇكەممەل تەتبىق قىلىدىغان ئۈممەت تەقدىم قىلسا، بۇ رىسالە ئۈنۈم بېرىدۇ، ئۇلۇغۋار غايىلىرى رىئاللىققا ئايلىنىدۇ.

www.munber.org

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتىنىڭ بۇ ئىسلام مەدەنىيەت رىسالىسىگە بولغان ئېھتىياجى باشقا ئەللەرگە قارىغاندا بەك جىددىراق، باشقىلاردىن ھەقلىقراق. بۇ رىسالە ئىسلام ئۈممىتىنى ئىنسانىيەتكە گۇۋاھچىلىق ئورنىدا بولالايدىغان ۋە ئۇلارغا ئۇستازلىق ماقامىدا تۇرالايدىغان ئىززەتلىك ۋە شەرەپلىك ئۈممەت قىلىپ چىقالايدۇ. ئىسلام مەدەنىيەت رىسالىسىنىڭ ئۆزىلا ئۈممەت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ۋە دۇنيادا ئۆزىنىڭ رولىنى تولۇق جارى قىلىش ئۈچۈن ئۇيغۇتۇش ھەركىتى ئېلىپ بېرىشقا قادىردۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسلام ئۈممىتى، كۆشەمەك(يېڭىلىق يارتىشتىن مەھرۇم پاسسىپ) يۆنىلىشى، ئۆزىنى يوقىتىش يۆنىلىشى ۋە جېدەللىشىش يۆنىلىشىگە ئوخشاش ئىسلامغا نىسبەتەن بىرلىدىغان بىر قانچە يۆنىلىشلەر ئارىسىدىن توغرا يۆنىلىشنى تاللىشى لازىم.

ئەمما ئۈممەت قوللۇنۇپ مىڭىشقا تېگىشلىك بولغان يۆنىلىشنى" مەدەنىيەت يۆنىلىشى" دەپ ئاتىدۇق. بۇ يۆنىلىش ئىسلام دىنىنى ئومۇمىيۈزلۈك، تەڭپۇڭلۇق، مۇكەممەللىك، چوڭقۇرلۇق خۇسۇسىيەتلىرى ۋە قىممەتلىرى بىلەن ئالاھىدە بولغان خەلقئارالىق مەدەنىيەت رىسالىسى سۈپىتىدە تەقدىم قىلالايدۇ. بۇ يۆنىلىش ئىسلامى تەڭپۇڭلۇق شۇئارىغا دەۋەت قىلىپ ماڭىدۇ.

مەن ئاللاھ تائالادىن ئۈممىتىمىزنىڭ بۇ يېڭى ئەسىردە خەلقئارالىق رىسالىسىنى تولۇق ئىجرا قىلىشقا ياردەم بېرىشىنى ۋە ئىسلام دىنىنى دۇنيا ئۈچۈن رەھمەت، تېڭىرقاپ

www.munber.org

يول تاپالمايۋاتقانلار ئۈچۈن ھىدايەت سۈپىتىدە تەقدىم قىلىشقا مۇۋەپپەقىيەت بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

دوكتۇر: يۈسۈپ قەرزاۋى

www.munber.org

## ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنىڭ روھى

ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ- تامامەن ئىنسانغا ئوخشاش- جىسمى ۋە روھى بولىدۇ. مەدەنىيەتنىڭ جىسمى كاتتا بىنالار، زاۋۇت -كارخانىلار، ھەر خىل ئۈسكۈنە- سايمانلار ۋە تۇرمۇشنى بېيىتىپ بېرىدىغان ماددى ئىجادىيەتلەردە كۆرۈنىدۇ.

ئەمما مەدەنىيەتنىڭ روھى ئىنسانلارنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىستىلىدا، ئۆز - ئارا ئالاقە ئىشلىرىدا، ئۇلارنىڭ دىن، ھاياتلىق، كائىنات، ئىنسان، شەخس، جەمئىيەتكە بولغان كۆز قارشىدا مۇجەسسەملىشىدىغان بىر بۆلۈك ئەقىدە، چۈشەنچە، قىممەتلەر، ئەدەپ- ئەخلاق ۋە ئۆرپ- ئادەتلەردە ئىپادىلىنىدۇ.

ئىنسانىيەت تارىخى بىشىدىن كەچۈرگەن چوڭ مەدەنىيەتلەرنىڭ ماددا ۋە روھقا بولغان پوزىتسىيىسى بىر-بىرىدەك ئەمەس. ئۇ مەدەنىيەتلەرنىڭ ئىچىدە پەقەتلا ماددى تەرىپى بىسىپ كەتكەنلىرى ۋە روھى تەرىپى بىسىپ كەتكەنلىرى شۇنداقلا تەڭپۇڭلۇق كونترول قىلىپ تۇرغىنى بار.

بۈگۈنكى دۇنيانى ئىگەللىگەن مەدەنىيەت " غەرب مەدەنىيىتىدۇر" بۇ مەدەنىيەتنىڭ، ئىنسانىيەتنىڭ ئەركىنلىكىنى ھۆرمەتلەش- خۇسۇسەن ئۆز ۋەتىنى ئىچىدە- ئىنساننىڭ ئىقتىدارىنى جارى قىلدۇرۇش تەرەپتىن كۆز يۇمغىلى بولمايدىغان ئارتۇقچىلىغى بار. بۇ مەدەنىيەتنىڭ ئارتۇقچىلىقى بىلەن ئىنسانىيەت "تەبىئەت"نى ئۆز مەنپەئەتى

www.munber.org

ئۈچۈن بويسۇندۇرالىدى. ئاتومنى ئۆز مەنپەئەتى ئۈچۈن پارتىلىتالىدى. ھاۋا بوشلۇقىدا قۇشلاردەك ئۇچۇپ، دېڭىزدا بېلىقتەك چۆكۈپ، ئالەم بوشلۇقىغا ئۆرلەپ ئاي شارىغا قەدەم باسالىدى. شۇنداقلا ئىنساننىڭ ۋاقتى ۋە زېھنى كۈچىنى تېجەپ بېرىدىغان "كومپيۇتېر" دىن ئىبارەت ئالى ئۈسكۈنىنى ياساپ چىقالىدى. ئىنسان يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئىلىم-پەننىڭ پەزىلىتى بىلەن قىلالىدى. ئىنسان ئىلىم - پەننىڭ قانۇنىيەتلىرىنى كەشىپ قىلىپ، ئۇنى ياخشى ئىدارە قىلىش، ئاجايىپ شەكىلدە رەتلەش، قاتتىق كونترول قىلىش ئىشلىرىدا مىسلى كۆرۈلمىگەن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى.

ئىلىم - پەن ئارقىلىق ئادەتتىكى بىر ئىنسان ئىلگىركى ئەسىرلەرنىڭ پادىشاھلىرى ھەسەت قىلىپ قالغىدەك دەرىجىدە كەڭتاشا تۇرمۇشتا ياشىيالىدى. ئىلگىرىكى پادىشاھلار ئىسسىقنىڭ دەھشىتىگە ۋە سوغاقنىڭ قاتتىقلىقىغا ھاۋا تەڭشەپ بېرىدىغان ئۈسكۈنە-سايمانلارنى، كىچىك كونۇپكىلارغا بىرلا بېسىش بىلەن تەڭلا ھەركەتلىنىدىغان ياكى توختايدىغان ئاپتوماتىك ئۈسكۈنىلەرگە ئېرىشەلمىگەن ئىدى.

مانا مۇشۇنداق بۈيۈك ماددى ئىجادىيەتلەر بارلىققا كەلگەن بولسىمۇ، بۈگۈنكى رېئاللىق، بۇ مەدەنىيەت شۇ كىشىلەرگە ئارزۇ قىلىنىۋاتقان بەخت سائادەتنى ياكى ئۈمىد قىلىنىۋاتقان خاتىرجەملىكنى تەييارلاپ بېرەلمىگەنلىكىنى، بۇ

www.munber.org

مەدەنىيەتنىڭ جىسمى پىلدەك بولسىمۇ قوۋۋىتى چاشقاندەكلا ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتمەكتە.

شۇنداق... ھازىرقى مەدەنىيەتنىڭ روھى «مەنپەئەتپەرەس ماددى تەرەپ» كە ئىچكىرلەپ كىرىپ كەتكەن، ماددى تەرەپ غەرب مەدەنىيىتىنىڭ روھى پەلسەپىنىڭ ئاساسى ھېسابلىنىدۇ.

## غەرب ( ياۋرۇپا) پىكرىنىڭ ئالامەتلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى

1 ـ ئىلاھنى تونۇشتىكى غۇۋالىق:

غەرب پىكرىدىكى ئالامەتلەرنىڭ ئەۋۋەلى: ئىلاھنىڭ ھەقىقىتىنى بىلىشتىكى غۇۋالىقتۇر. ئۇلارنىڭ ئىلاھقا بولغان چۈشەنچىسى ساپ ئەمەس. ئۇلارنىڭ چۈشەنچىسىنى خىياللار ۋە ئەپسانىلەر قورشىۋالغان، بەلكى غەرب ئەللىرى ـئۆز تارىخىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك ـ ئاللاھنى توغرا مەرىپەت بىلەن تونۇپ باقمىغان. كائىناتنىڭ ياراتقۇچىسىغا توغرا ئىمان كەلتۈرۈش بىلەن ھىدايەت تاپمىغان. چۈنكى غەرب ئەللىرى توغرا يولغا باشلايدىغان پەيغەمبەر ۋە خاتالىقتىن خالى ۋەھيىنى بىۋاستە تونۇپ باقمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن يولدا ئۆزى يالغۇز «بىرىنچى ئىللەت» (كائىناتنى پەيدا قىلغۇچى كۈچ) ياكى «دەسلەپكى قوزغىغۇچى» كۈچنى ئىزدەپ مېڭىپ خاتالاشتى ۋە شۇ خاتالىقىدا پىراقلاپ كەتتى.

دەھرىزىم ۋە ئاتىزىملىقنى ئىنكار قىلغان: "سوقرات، ئاپلاتون، ئارىستوتىل"غا ئوخشاش چوڭ پەيلاسوپلار ئىلاھنى

www.munber.org

ئېتىراپ قىلىدى. بىراق ئۇلارنىڭ ئىلاھقا بولغان تەسەۋۋۇرى تولغرا چۈشەنچە بولمىدى. بەلكى ئۇلارنىڭ تەسەۋۋۇرىغا كۆپلىگەن خىياللار ۋە ئەپسانىلەر ئارلاشتى.

2ـ ماددىيپەرەسلىك تۈيغۇسى:

غەرب پىكرىنىڭ ئالامەتلىرىدىن يەنە بىرى ماددىيپەرەسلىك، يەنى ماددىغىلا ئىشىنىش. كائىنات، مەرىپەت، ئىستىلنى ماددا بىلەن ئىزاھلاش، غەيب( مىتافىزىكا)نى ۋە ھېس تۈيغۇ ئىدراك قىلالمايدىغان نەرسىلەرنى ئىنكار قىلىشتۇر.

شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب پىكرى بۇ كائىناتنى ياراتقان ئىلاھقا، ۋەھيى ئىلىپ چۈشىدىغان پەيغەمبەرگە، ئىنساندىكى مەڭگۈلۈك روھقا، دۇنيا ھاياتىدىن باشقا بىر ھاياتنىڭ بارلىقىغا، ھېسسى( كۆرۈلىۋاتقان) ئالەمدىن باشقا غەيبى ئالەمنىڭ بارلىقىغا، مەنىپەئەتتىن يۇقىرى نەمۇنىلىك قىممەتلەرگە ئىشەنمەيدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ھېس قىلىش دائىرىسىگە كىرمەيدۇ، مۇلاھىزە ۋە تەجرىبىگە بويسۇنمايدۇ.

غەرب پىكرى ماددى- مەنىپەئەتنى ئاساس قىلغان ئىدىيە بولۇپ، روھى نەرسىلەرنى كەمسىتىدۇ، مەنىۋى نەرسىلەرنى ئانچە ئالقىشلاپ كەتمەيدۇ، نەمۇنىگە ئىشەنمەيدۇ. ( يۇقارقى ھۆكۈم كۆپ سانلىققا قارىتا بېرىلدى).

بۇ ماددىيپەرەسلىك تۈيغۇسى غەرب ھاياتىنى نەزەرىيە ۋە ئەمەلىيەت تەرەپتىن ئىگەللەپ كەتتى. شۇڭا چوڭقۇر تەتقىق

www.munber.org

قىلغۇچىلارنىڭ نەزىرىدە بۈگۈنكى غەرب ئەللىرىنىڭ ھەقىقى دىنى «ماددا» ئىكەنلىكى مەلۇملۇق مەسىلىگە ئايلاندى.

مەسىلىنىڭ تېگىگە چۆكمەي، يۈزەكى قارىغان كىشلەر بۇ ھەقىقەتنى ئىنكار قىلىشى ياكى ئەجەبلىنىشى مۇمكىن. ھەقىقەتنى يوق شەكىل، مېغىزى يوق قورۇق شاكال بىزنى ئالداپ كەتمەسلىكى كېرەك.

غەرب ئەللىرىدىكى خرىستىئان دىنى ئۇلارنى بىر - بىرىسىگە باغلاپ تۇرغان «شۇئار»، ئەتراپىغا توپلىشىدىغان «كرىست بەلگىسى» ۋە ئارام ئېلىش كۈنلىرىدە كۆڭۈل ئاچىدىغان «چىركاۋ» دىن ئىبارەت،خالاس.

ئۇلار ئۇ دىنغا «قىممەت» سۈپىتىدە ئىمان كەلتۈرمەيدۇ، «ئەقىدە» سۈپىتىدە بويسۇنمايدۇ.

ھازىرقى غەرب ئەللىرىنىڭ ھەقىقى جەۋھىرىدىن ئىزدەنسىڭىز، دىن جەھەتتە ماددىدىن باشقىنى تونۇمايدىغان، كۆز قاراش جەھەتتە مەنپەئەتتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئىنسانىنى ئۇچرىتىسىز!

بۇ يەردە ياۋرۇپالىق نېمىس ئالىمى پىروفېسسور «لىيوبولىد فايىس» دېگەن كىشىنىڭ سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمىز. ئۇ كىشى ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ «مۇھەممەد ئەسەد» دېگەن نام بىلەن تونۇلغان.

ئۇ «يول دوقمۇشلىرىدىكى ئىسلام» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «يېڭى غەرب مەدەنىيىتى ئىقتىسادى، ئىجتىمائى شەيئىلەرنىڭ تەقەززاسىدىن باشقا بىر نەرسىگە بويسۇنۇشنى رەت قىلىدۇ. ھازىرقى غەربنىڭ ھەقىقى ئىلاھىي

www.munber.org

روھـــانى مەقـــسەتتىن ئەمەس بەلكـــى كەڭتاشـــا تۈرمـــۈش كەچۈرۈشتۈر».

«يېڭى ياۋروپا- مەيلى ئۇ دېموكراتىك بولسۇن، فاشىزىم بولسۇن، سوتسيالىزىم بولسۇن، ئادەتتىكى خىزمەتچى بولسۇن ياكى مۇتەپەككۇر ئالىم بولسۇن- پەقەت بىر دىنىنىلا تونۇيدۇ، ئۇ بولسىمۇ ماددى تەرەققىياتقا ئىبادەت قىلىشتۇر. يەنى ھاياتتا كەڭتاشا تۈرمۈش كەچۈرۈشتىن باشقا غايە يوق دەپ ئېتىقاد قىلىشتۇر».

ئەنگلىيەلىك ئۇستاز «جود» مۇنداق دەيدۇ: «بۇ ئەسىرنى ئىگەللىگەن ھايات نەزرىيىسى، ھەر قانداق مەسىلىگە قورساق ۋە يانچۇق تەرىپىدىن قاراشتۇر». («مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى بىلەن ئالەم قانداق زىيان تارتتى» دېگەن كىتابقا قاراڭ!)

ئامېرىكىلىق مەشھۇر مۇخبىر «جون جىنتىر»، «ياۋروپا ئىچىدە» نامىلىق كىتابىدا: " ئىنگلىزلار ھەپتىدە 6 كۈن ئەنگلىيە بانكىسىغا ئىبادەت قىلىدۇ، 7 ـ كۈنى چىركاۋغا يۈزلىنىدۇ» دەيدۇ.

يېڭى سىتاتىسكا مەلۇماتلىرىغا قارىغاندا غەرب ئەللىرىدە چىركاۋغا يەكشەنبە كۈنى بارىدىغانلار پەقەت 5 % پىرسەنتىنى ئىگەللەيدىكەن.

3ـ ئىلمانى تۈيغۇسى:

غەرب پىكرىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىسى: ئىلمانى تۇيغۇدۇر. (يەنى دىن بىلەن دۆلەتنى ئايرىپ قاراش).

www.munber.org

غەرب نەزرىيەسىدىكى «دىن» ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئارىسىدىكى ئالاقىدىن ئىبارەت، ئۇنىڭ ئورنى دىلدىن ئىبارەتتۇر. دىن چىركاۋنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كېتىشى توغرا ئەمەس. دىننىڭ ھايات ئىشلىرىدا قانۇن چىقىرىش، جەمئىيەت ئىشلىرىغا ئارىلىشىش، مائارىپ، مەدەنىيەت، تەشۋىقات، ئىدارە، ئىقتىساد ۋە سىياسەت ئىشلىرىغا قول تىقىش ھەققى يوق.

غەرب ئەللىرى؛ ئۆزلىرىنى ئىلاھنىڭ زېمىندىكى ۋەكىللىرى، پىكىرلىرىنى دىن، ئۇلارغا بويسۇنۇشنى ئىبادەت، ئۇلارغا قارشى چىققانلىقنى شەيتانلىق دەپ ئويلايدىغان چىركاۋ ۋە پوپلار (مىسسىيونىرلار) بىلەن ئۇزۇن زامان كۆرەش قىلغاندىن كېيىن ماددى ئىدىيەگە ئىمان كەلتۈردى.

بۇلارنىڭ (پوپلارنىڭ) ئىدىيىسى- گەرچە ئۇلار ئۇنى دىن دەپ ئېتىقاد قىلسىمۇ- يېڭىلىققا قارشى خۇراپاتنى، ئىلىم پەنگە قارشى نادان ۋە ساۋاتسىزلىقنى، ئەركىنلىككە قارشى قاتاللىقنى، ئادالەتكە قارشى زۇلۇمنى، نۇرغا قارشى زۇلمەتنى قوللايدىغان ئىدى.

غەرب ئەللىرىگە ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەسىرى يەتكەن ۋاقتىدا، ئۇلار جەللاتلارغا (ياۋۇز پوپلارغا) قارشى قوزغۇلۇپ ئۆزلىرىنى مۇداپىئە قىلىشقا باشلىدى. ئۇلارنى دۇنيادىن، ئىلىم - پەن ۋە ئوي تەپەككۇردىن مەھرۇم قويغان چىركاۋ دىنىنى رەت قىلدى. شۇ ۋاقىتقىچە چىركاۋ ھەممە ئىشقا ھۆكۈمرانلىق قىلاتتى.

دىنغا قارشى چىققان غەرب پىكرى دىننى ئىشكەللەر بىلەن باغلاپ، دىننىڭ ۋىجداندىن ئاتلاپ كېتىشىگە رۇخسەت

www.munber.org

قىلمىدى. (بۇ نۇقتىدا ھەر بىر دىننى ئايرىم ئۆز ھەقىقىتى بىلەن پەرقلەندۈرۈپ چۈشىنىش لازىم).

شۇنىڭ ئۈچۈن غەرب ئەللىرى خرىستىئان دىنىنى ئۆز ئورنىدىن چۈشۈرۈپ، جەمئىيەتنى يېتەكلەش ھوقۇقىدىن ئايرىپ تاشلىغاندىن كېيىن ئويغىنىشقا باشلىدى. كەمبەغەللىكتىن بېيىپ، ئاجىزلىقتىن كۈچىيىشكە باشلىدى. بۇ خىل ئەھۋال دىنىنىڭ (يەنى غەرب دىنىنىڭ) دۆلەتنى ۋە جەمئىيەتنى يېتەكلەشكە ھوقۇقى يوق دەيدىغان ھالەتكە كەلتۈردى.

ئەسلىدە بۇ خىل نەزەرىيەنى ئىنجىلنىڭ ئۆزىمۇ قوللايدىغان ئىدى. دىن بىلەن دۆلەتنىڭ ئارىسىنى ئايرىپ قاراش غەرب پىكرى ( ئىدىيىسى) نىڭ ئاساسلىق خۇسۇسىيەتلىرىدىن بىرىدۇر.

4- توقۇنۇش:

غەرب مەدەنىيىتىنىڭ خۇسۇسىيەتلىرىدىن يەنە بىرىسى: ئۇ مەدەنىيەت توقۇنۇش ئۈستىگە قۇرۇلغان، بۇ مەدەنىيەت تىنچلىق، خاترجەملىك ۋە مۇھەببەت دېگەن نەرسىنى بىلمەيدۇ.

بۇ توقۇنۇش ھەر قايسى تەرەپلەرگە خىلمۇ- خىل شەكىل بىلەن ئىچكىرلەپ سىڭىپ كەتكەن.

بۇ توقۇنۇش، ئىنسان بىلەن ئۇنىڭ نەپسى ئارىسىدىكى، ئىنسان بىلەن تەبىئەت ئارىسىدىكى، ئىنسان بىلەن ئىنسان ئارىسىدىكى، ئىنسان بىلەن ئىلاھ ئارىسىدىكى توقۇنۇشتۇر!

www.munber.org

چۈنكى غەربتىكى ئىنسان خرىستىئان دىنى تەلەپ قىلىۋاتقان نەمۇنە ھايات بىلەن ياشاشنى ئىرادە قىلىپ قالسا ئۆز تەبىيىتى بىلەن زىددىيەتلىشىپ قالىدۇ. چۈنكى خرىستىئان دىنى جىنسى(ئەر- ئاياللىق) مۇناسىۋەتنى قەبىھ سانايدۇ. مال- دۇنيانى رەت قىلىدۇ. ئۆزلىرىنى ياخشى نېئمەتلەردىن مەھرۇم قىلىدۇ. يامانلىق قىلغان ئادەمنىڭ جىنايىتىنى ئۆز خاھىشى بويىچە كۆتۈرۈۋېتىدۇ. ئوڭ كاچىتىغا ئۇرسا سول كاچىتىنى تۇتۇپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىنسان تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىپ ياشايدۇ، چۈنكى ئۇ ئىنسان تەبىئەت دۇنياسىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ قارايدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇشۇم لازىم دەپ قارايدۇ. غەرب ئەللىرى بۇ ئەھۋالنى«تەبىئەتنى بويسۇندۇرۇش» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلەيدۇ.

غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىنساننىڭ ئىنسان بىلەن توقۇنۇشى، چېركاۋ بىلەن دۆلەتنىڭ توقۇنۇشى، دىن بىلەن ئىلىم - پەننىڭ زىددىيەتلىشىشى، تەبىقىۋازلىق توقۇنۇشلىرى ھەققىدە سۆزلەش ھاجەتسىز بولغان روشەن مەسىلىدۇر.

5- باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش:

غەرب پىكرىنىڭ يەنە بىرىسى: باشقىلاردىن ئۆزىنى ئۈستۈن تۇتۇش تۈيغۇسىدۇر. بۇ خىل تۈيغۇ غەربلىكلەرنىڭ ئەقلىنى ئومۇمىيۈزلۈك ئىگىلىگەن. ئۇلار ئۆزلىرىنى باشقىلارغا قارىغاندا ئىرقى تەرەپتىن ئەۋزەل، قان ئىپى تەرەپتىن سۈزۈك ۋە ئۆزلىرىنى ھاكىم بولۇش، باشقا مىللەتلەرنى قۇل بولۇش ئۈچۈن يارىتىلغان دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ.

www.munber.org

ئەجەبلىنەرلىكى، بۇ ئەسىرنىڭ كاتتا ئالىملىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدىغان، ئىلىم ـ پەن ساھەسىدە نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن «دوكتۇر/ ئالكىس كارىل»: «ئاق تەنلىكلەر باشقا مىللەتلەردىن ئارتۇق» دەپ قارايدۇ.

يۇقىرىقىلار غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى ۋە بەلگىلىرىدۇر.

www.munber.org

## غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىنساننىڭ بەختسىزلىكى

غەرب (ياۋروپا) مەدەنىيىتىدىكى بۈيۈك ماددى تەرەققىيات:
بۈگۈنكى غەرب مەدەنىيىتى يەتكەن باسقۇچقا ھېچقانداق مەدەنىيەت ئەسىرلەر بويى يېتىپ باقمىغان. غەرب مەدەنىيىتى ئىلىم - پەن ۋە تېخنىكا تەرەققىياتىدا يۇقىرى پەللىگە يەتتى. بۇ مەدەنىيەت ئىنسانلار ئۈچۈن ماكان ۋە ۋاقىتنى قىسقارتىپ بېرىش، راھەت - پاراغەت تۇرمۇشنى تولۇقلاپ بېرىشتە ئالاھىدە رول ئوينىدى. ئىنساننىڭ ئېھتىياجلىرى كونۇپكىنى بېسىش ئارقىلىق ھەل بولىدىغان دەرىجىگە يەتتى. بەلكى ئۇنىڭدىنمۇ ھالقىپ دەرۋازىدىن كىرمەكچى بولسا دەرۋازا ئاپتوماتىك ئۆزى ئېچىلىدىغان، قولىنى جومەكنىڭ ئاستىغا ئۇزاتسا سۇ ئۆزلىكىدىن قۇيۇلىدىغان، پۇتىنى پەلەمپەيگە ئۈستىگە قويسا ئۈستۈنكى قەۋەتلەرگە ئېلىپ چىقىدىغان دەرىجىدە ئىنسان كونۇپكا ئىشلىتىشتىن بىھاجەت بولدى.

ئىنسان ئالەم بوشلۇقىغا قەدەم قويۇپ، ئالەم كېمىلىرىنى ئالەم بوشلۇقىغا قويۇپ بېرەلىدى. ئىنسانلار ئاي شارىنىڭ ئۈستىگە ئۆرلەپ، ئۇ يەردىن تاش ۋە توپىلارنى ئەۋرىشكە سۈپىتىدە ئېلىپ چۈشۈپ تەتقىق قىلماقتا. ھازىر ئالەم بوشلۇقىدىكى مۈرىخ، قىزىل يۇلتۇزغا ئوخشاش يىراق سەييارىلەرگە يېتىشكە ئۇرۇنماقتا.

www.munber.org

بۇ دەۋرىمىزدە ماددى ئىلىم ـ پەننىڭ قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىللىرى ناھايىتى زور. ئەگەر بۇ ئىجادىيەتلەرنىڭ ئوندا بىر قىسمى بىزدىن ئىلگىرى ياشاپ ئۆتكەن كىشلەرگە دەپ بېرىلسە، ئۇلار، شۇ مەلۇماتنى يەتكۈزگەن ئادەمنى ساراڭ بولۇپ قاپتۇ دەپ ئەيىپلەيتتى.

بۇ ئىجادىيەتلەرنى ئاللاھنىڭ بۇ سۆزى ئىپادىلەپ بېرىدۇ: ﴿ئاللاھ يەنە سىلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنىمۇ يارىتىدۇ﴾. [سۈرە نەھل 8 ـ ئايەت]

بۇ يەردە مۇھىم سوئال پەيدا بولىدۇ، ئۇ بولسىمۇ: ئىنساننى ئاي شارىنىڭ ئۈستىگە چىقىرالىغان ئىلىم ـ پەن ئىنسانغا يەر شارى ئۈستىدە بەخت ـ سائادەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ بېرەلىدىمۇ؟

ئەمەلىيەتكە قارىساق، رېئاللىق: (ياق) دەپ جاۋاب بېرىدۇ. ئىلىم ـ پەن غەرب ئۇقۇمى بىلەن ئېيتقاندا، پەقەتلا ماددى ئىلىم ئىنساننىڭ بەدىنىگە راھەت يارىتىپ بېرەلىدى، مەنىۋى راھەتنى تولۇقلاپ بېرەلمىدى. ماددى باياشاتلىقنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ بەردى، مەنىۋى خاتىرجەملىكنى ئەمەلىلەشتۈرۈپ بېرەلمىدى.

ئۇسۇل ـ چارە ۋە ئۇسكۈنە ـ سايمانلارنى تەييارلاپ بېرەلىدى، مەقسەت ۋە نىشانلارنى تەييالارپ بېرەلمىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بۇ مەدەنىيەتتىكى ئىنسان سىرتقى كۆرۈنىشى گۈزەل، زىننەتلىنىپ قاتۇرۇلغان قەبرىگە ئوخشاش ئىچكى(مەنىۋى) ھاياتى ۋەيرانە ھالەتتە تۇرمۇش كەچۈردى.

www.munber.org

شۇ سەۋەپتىن بۇ مەدەنىيەتنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ياشاۋاتقان ئىنسانلارنىڭ ئىككىلىنىش، قايغۇرۇش، تىت - تىت بولۇش، جىلە بولۇش، قورقۇش، غەم قىلىش، روھى غۇربەتچىلىك ھېس قىلىش، ئۆزىنىڭ چۈشكۈنلىشىپ كېتىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىش، ھاياتىنىڭ يوقىلاڭ نەرسە ئىكەنلىكىنى سېزىش، بۇ ھاياتنىڭ ھېچقانداق نىشانى، غايىسى ۋە مەنىسىنىڭ يوقلىقىدىن شىكايەت قىلىۋاتقانلىقىنى كۆرەۋاتىمىز.

بۇ مەدەنىيەت ئىنساننى ئىچكى تەرەپتىن ۋەيران قىلىپ تاشلىماقتا.

شۇنىڭ ئۈچۈن نىرۋا كېسەللىكى ۋە پىسخولوگىيە كېسەللىگى بىلەن دوختۇرخانىلىرىنىڭ سانىنىڭ كۆپىيىپ كېتىشى ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس. بۇ دوختۇرخانىلار شۇنچىۋالا كۆپ بولسىمۇ كېسەللەرگە يېتىشمەيۋاتىدۇ. بىراق دوختۇرخانىلار بۇ تۈردىكى كېسەللەرگە نېمە قىلىپ بېرەلىسۇن! .

بۇ مەدەنىيەتتىكى كىشىلەر ئەخلاقى چۈشكۈنلۈك، روھى ئىككىلىنىش، ئائىلىنىڭ بۇزۇلۇش، ئەقلى كېسەللىك، ئىجتىمائى پارچىلىنىش ۋە جىنايى قىلمىشلارنىڭ كۆپىيىپ كىتىش ھالەتلىرىدىن دەرت ئېيتماقتا.

غەرب مەدەنىيىتى ئىنسانغا- باشقىلارغا چېكىدىن ئاشماسلىق شەرتى بىلەن- شەخسى ئەركىنلىكنى چېكىدىن ئاشۇرۇپ بەردى. بۇ ھېسابسىز ئەركىنلىك ئىنساننىڭ تەبئىيىتىنى بۇزىۋەتتى، ئاچكۆزلۈكىنى قاندۇرالمىدى. ئىنسان

www.munber.org

هاۋايى - ھەۋەسكە بېرىلگەنچە، ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تەشنالىقىمۇ ئېشىپ باردى.

كائىناتتا مۇتلەق ئەركىنلىككە ئىگە نەرسە تېپىلمايدۇ. ئوكيانلاردىكى پاراخوتلار، ئالەم بوشلۇقىدىكى ئايروپىلانلارمۇ بەلگىلەنگەن يولدا ماڭىدۇ. ئەگەر بەلگىلەنگەن دائىرىدىن ئېشىپ كەتسە، ئاقىۋىتىنى ئويلاپ يەتكىلى بولمايدىغان كىرزىسلار كېلىپ چىقىدۇ.

بۇ مەدەنىيەت يالغۇز ئىنسانغىلا زىيان كەلتۈرۈپ توختاپ قالماي، ئەتراپىدىكى مۇھىتقىمۇ زىيان كەلتۈردى. زاۋۇتلارنىڭ تۈتۈنلىرى، كېرەكسىز قالدۇقلىرى، يورانىيۇمنىڭ تەسىرى ۋە ئۇنىڭ قالدۇقى ئۆسۈملۈك ۋە ھايۋانلارغا خىمىۋىيلىك دورىلارنىڭ ئارلىشىپ كېتىشى بىلەن مۇھىتنى بۇلغىدى. بۇنىڭدىن سىرىت سەلبى ئىرسىيەت ئالامەتلىرى كۆپەيدى. بۇ نەتىجىلەر غالجىر كالا كېسەللىكىنىڭ بايقىلىشى ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئىشلاردا ئېنىق كۆرۈنۈشكە باشلىدى. كەلەچەكتە يۈز بېرىدىغان ئىشلارنى تەسەۋۋۇر قىلىپ بولغىلى بولمايدۇ!

مانا بۇلار- خۇددى سوراققا تارتىلمايدىغان ئىلاھەدەك - ئىنسانلارغا ۋە ئەتراپىدىكى نەرسىلەرگە ئۆزى خالىغانچە ئىش ئېلىپ بارسا كېلىپ چىقىدىغان تەبىئى نەتىجىلەردۇر.

ئىنسان پەقەت بۈيۈك بىر ياراتقۇچىنىڭ مەخلۇقىدۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ ياراتقۇچىنىڭ كائىناتتىكى نىزامىغا ۋە شەرئى قانۇنىغا بويسۇنۇپ مېڭىشى لازىم. شۇنداق قىلغاندا ياخشى نەتىجىگە ئېرىشەلەيدۇ ۋە ئۆزىنى ھالاكەتتىن قۇتقۇزۇپ قالالايدۇ.

www.munber.org

## غەرب مەدەنىيىتىدىكى جاپا ـ مۇشەققەتنىڭ سىرى

بۇ مەدەنىيەتتىكى ئىنسانلارنىڭ قىيىنچىلىققا ئۇچراشتىكى بىردىن بىر سىرى؛ بۇ مەدەنىيەت ئاللاھنى ئۇنتۇپ قالغان، روھسىز بەدەن بولۇپ ياشىغان ياكى چۈمۈلىنىڭ روھى بىلەن پىلنىڭ بەدىنى بولۇپ ياشىغان.

ھىندىستاننىڭ چوڭ شائىرى «تاگور» غەرب پەيلاسوپىنىڭ بىرسىگە: «توغرا، سىلەر قۇشلارغا ئوخشاش ھاۋادا ئەركىن ئۇچالىدىڭلار، بىلىقلارغا ئوخشاش دېڭىزغا چۆكەلىدىڭلار، بىراق سىلەر زېمىندا ئىنسانغا ئوخشاش ياخشى ياشىيالمىدىڭلار» دېگەن.

غەرب مۇتەپەككۇرلىرىنىڭ ئۆزلىرىمۇ بۇ مەدەنىيەتتىكى، مەنىۋى بوشلۇقتىن شىكايەت قىلىۋاتقانلىقىنى بەلكى تېخى، ئىنسانىي ئىككىلىنىشتىن ئارام تاپتۇرالمايدىغان، قورقۇنچىدىن خاتىرجەم قىلالمايدىغان مەنپەئەتپەرەس ئۇ ماددىي مەدەنىيەتتە ئۇزۇن داۋاملىشىشتىن ئاگاھلاندۇرۇپ، ئاگاھلاندۇرۇش قوڭغۇرىقىنى چېلىۋاتقانلىقىنى كۆرەۋاتىمىز.

## ئىلىم ـ پەن، پىكىر ۋە ئەدەبىيات يېتەكچىلىرىنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى

ئالىملار، پەيلاسوپلار، ئۇستازلار، ئەدىبلەر ۋە سىياسىيونلارنىڭ غەربنىڭ ماددىي مەدەنىيەت ۋە سانائەت سايمانلىرىغا غەرىق بولۇپ كېتىشىنىڭ ئاقىۋىتىدىن ئاگاھلاندۇرۇپ قىلغان سۆزلىرى ئارقىمۇ ـ ئارقا بولماقتا .

www.munber.org

بۇلارنىڭ قاتارىدىن «نوبىل» مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن تەبئىي ـ پەن ئالىملىرى «ئالكىس كارىل ۋە رىينىي دوبو» لارنىڭ ئاگاھلاندۇرۇشلىرى، بىر ئازدىن كېيىن بۇلارنىڭ سۆزلىرىنى نەقلى قىلىپ كەلتۈرىمىز .

ئامېرىكىلىق مەشھۇر پەيلاسوپ «جون دىيۇ» شۇنداق دەيدۇ: «ئىلىم ـ پەننىڭ بىرلىككە كەلگەن ئەخلاقى قىممەتلىرىنى پارچىلاپ تاشلاشقا رۇخسەت قىلىدىغان ۋە ئىلىم ـ پەننىڭ ئەخلاقى قىممىتىگە ئىشەنمەيدىغان مەدەنىيەت ئۆزىنى ئۆزى ۋەيران قىلىپ تاشلايدىغان مەدەنىيەتتۇر» [ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقى ناملىق كىتابىغا قاراڭ!]

ئەنگلىيەلىك ھازىرقى زامان مەشھۇر تارىخشۇناس پەيلاسوپ «توينبى» مۇنداق دېگەن، ئۇنى ئامېرىكىلىق يازغۇچى «كولى ۋولسون» نەقلى كەلتۈرگەن: «سانائەت پەنلىرى قۇربان بولغۇچىلارنى ئالداپ كەتتى، ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئۆزى كونترول قىلىشتىن چىقىرىپ تاشلىدى. سانائەتنىڭ ئالدىشىغا ئەگىشىپ، روھلىرىنى سېتىۋېتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا» كىنو، رادىيولار» نى ئالماشتۇردى. بۇ «يېڭى سودا» كەلتۈرۈپ چىقارغان بۇ مەدەنىيەتنىڭ نەتىجىسىدە روھى نامراتلىق پەيدا بولىدى. «ئاپلاتون» روھى نامراتلىقنى «چوشقىلار جەمئىيىتى» دەپ سۈپەتلىگەن بولسا، «دوس ھېكسلى»، «يېڭى پاقىراق ئالەم» دەپ سۈپەتلىگەن.

توينبى سۆزىنى داۋاملاشتۇرۇپ: «غەرب ئەللىرى ماددى بايلىقتىن دىنغا يۆتكەلمىگىچە ياخشى نەتىجە تاپالمايدۇ»

www.munber.org

دېگەن. [لىكولىن ۋولسۇننىڭ «مەدەنىيەتنىڭ زاۋال تېپىشى» ناملىق كىتابىغا قاراڭ!]

ئامېرىكىلىق مەشھۇر ئەدىب «جون شىتاينىك» دوستى «ئەدلاي ئىستىفىنسون» غا يازغان خېتىدە: «ئامېرىكىنىڭ مۇشكۇلىسى(قىيىنچىلىقى) بايلىقتۇر. ئامېرىكىدا كۆپ نەرسىلەر بار، بىراق يېتەرلىك روھى مەسئۇلىيەت يوق. بىز ئەقلىي- ھۇششىمىزنى تاپقىدەك دەرجىدە سىلكىنىشكە موھتاج، بىز تەبىئەت ئۈستىدىن غەلبە قىلالىدۇق، بىراق نەپسىمىز ئۈستىدىن غەلبە قىلالمىدۇق» دېگەن .

گېرمانىيە شائىرى «بىروشىرت» غەرب مەدەنىيىتىنىڭ سايىسىدا ئۆسۈپ يېتىلگەن يېڭى ئەۋلادنىڭ تىراگېدىسىنى بۇ سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن: «بىز ئۆزئارا ھېچقانداق ئالاقىسى، مۇناسىۋىتى يوق ئەۋلادلار. بىز دىنسىز ۋە راھەتسىز تۇرمۇشتا؛ قوياشىمىز تار، مۇھەببىتىمىز ۋەھشىي، ياشلىرىمىز ئىرادىسىز بولغان ئەۋلادلار، بىز بەلگىلىمىسىز، چەكلىمىسىز ۋە ھىمايىسىز ئەۋلادلاردۇرمىز».

فىرانسىيەلىك پەيلاسوپ «جارۇدى» غەرب مەدەنىيىتىنى تەنقىد قىلىپ، «ئۇنى پىرئەۋن مەدەنىيىتى دەپ ئاتىدى. غەرب مەدەنىيىتىدە ئىلىم - پەن بار، ھېكمەت يوق، ئۇ مەدەنىيەت ئۈسكۈنە - سايمانغا ئەھمىيەت بەردى، ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلمىدى. بولۇپمۇ ئاللاھنىڭ بىرلىكى نىڭ ئورنىغا «بازارنىڭ بىرلىكىنى» ئاساس قىلىدىغان، دوللارنى ئىلاھ دەپ قارايدىغان ئامېرىكا مەدەنىيىتى شۇنداق» [ئامېرىكا چۈشكۈنلۈشۈشىنىڭ ئاۋانگارتىدۇر] ناملىق كىتابقا قاراڭ!

www.munber.org

بۇ تەرەپكە كۆڭۈل بۆلگەن سىياسىيونلارنىڭ قاتارىدىن، «ئەيزىنھاۋىر» دەۋرىدىكى ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر تاشقى ئىشلار مىنىستىرى «ئۇرۇش ۋە تىنچلىق» دېگەن كىتابنىڭ ئاپتورى «دالاس» دۇر.

ئۇ كىتابىنىڭ «روھى ھاجىتىمىز» ناملىق بابىدا ئامېرىكا موھتاج بولۇۋاتقان نەرسىلەرنى بايان قىلىپ مۇنداق دېگەن: «بۇ مەسىلە ماددى نەرسىلەرگە تاقالمايدۇ، بىزدە ئالەم بويىچە ماددى ئەشيالاردىن ئەڭ كۆپ مەھسۇلات بار، بىزگە كەمچىل بولۇۋاتقان نەرسە كۈچلۈك ۋە توغرا ئەقىدىدۇر، ئەقىدە بولمىسا بىزدە بار نەرسىلەر ئاز بولۇپ قالىدۇ. بۇ كەمچىللىكنى يۇقىرى ماھارەتلىك سىياسىيونلار، زېرەك دىپلوماتلار، ئىجادىيەتلىك ئالىملار ياكى باشقۇرۇلىدىغان ئاتوم بومبىلار تولۇقلاپ بېرەلمەيدۇ».

زوكتۇرنىڭ «ۋولسون» ئۆلۈپ كېتىشتىن ئىلگىرى مۇنداق دەپ يازغان: «بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىز روھانىيىتىنى قايتۇرۇپ ئەكەلمىسە، ماددى تەرەپتىن ئۇزۇن داۋاملىشالمايدۇ».

بۈگۈنكى مەدەنىيەتتە ئىلىم ـ پەننىڭ ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىشتىن ئاجىزلىقى

ئىلىم-پەننىڭ ئەھمىيىتىگە، ئەقىل ۋە ئۇنىڭ زۆرۈرلىكىگە ئىشەنسەكمۇ، ئەقىل ئىنسان ئۈچۈن ھەممە نەرسە ئەمەس، شۇنداقلا ئىلىم ـ پەن ھاياتتىكى ھەممە نەرسە ئەمەس دەيمىز.

ئەقىلنىڭ ئىشىپ كېتەلمەيدىغان چەكلىمىسى بار، ئىلىم ـ پەننىڭمۇ ئىشىپ كېتەلمەيدىغان چەكلىمىسى بار. ۋۇجۇدىيەتنى چۈشەندۈرۈش (دۇنياغا نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكى)،



www.munber.org

ھاياتنىڭ غايىسى، كائىناتنىڭ باشلىنىشى ۋە ئاياغلىشىشى، ئۆلۈم ۋە ھايات مەسىلىسى ۋە شۇنىڭغا ئالاقىدار چوڭ ۋۇجۇدىيەت مەسىلىلىرىنى ئەقىل ئۆزى يالغۇز ھېس قىلىپ كېتەلمەيدۇ، ئىلىممۇ ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى سوزالمايدۇ. چۈنكى ئىلىمنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ماددى ۋە تەجرىبىگە بويسۇنىدىغان نەرسىلەرگە خاس.

ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كېلىشى، بۇ دۇنيادىكى غايىسى، زېمىندىكى ۋەزىپىسى، كائىنات ۋە ھايات بىلەن، كائىنات ۋە ھاياتلىقنى ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى بەلگىلەش ئۈچۈن ئەقىل ۋە ئىلىمدىن باشقا مەرىپەت مەنبەسى لازىم. بۇ مەرىپەت مەنبەسى ئىلاھىي ۋەھيىدىن باشقا نەرسە ئەمەس. ئۇنى ئىمان كەلتۈرۈشتىن باشقا يول بىلەن ئالغىلى بولمايدۇ. خىلمۇ -خىل دەۋرلەردە ئىنسانلار بۇنىڭغا ئۇرۇنۇپ باققان بولسىمۇ ساغلام نەتىجىگە يېتەلمىگەن. ساغلام ۋەھيىگە تايانغان ئىماننىڭ ئۆزى بىردىن بىر ئىشەنچلىك.

ئىمان چوڭ ۋۇجۇدىيەت مەسىلىلىرىنى شەرھلەپ بېرەلەيدۇ، ئىنساننى ئەزەلى بولغان چوڭ ۋۇجۇدىيەتكە باغلىيالايدۇ، ئىمان ئىنساننىڭ ھاياتىغا تەبىئەت، غايە ۋە ۋەزىپە بەلگىلەپ بېرىدۇ.

ئىمان شۇنداقلا ئىلىمنى بۇرۇلۇپ كېتىشتىن ساقلايدۇ، ئۇنى يامان يوللارغا ئىشلىتىشتىن توساپ قالىدۇ.

ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ سايىسى ئاستىدا ئىماننىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن تۇرغان ئىلىم -پەن پارلاق مەدەنىيەت تىكلىيەلەيدۇ ۋە گۈللەندۈرىدۇ، ئىنسانلارنىڭ خىزمىتى ۋە ئۇلارنى بەختلىك قىلىش ئۈچۈن ئىشلەيدۇ.

www.munber.org

ياۋروپادىكى ئىلىم - چىركاۋ بىلەن بولغان ئۇزۇن تارىخى زىددىيىتىنىڭ شارائىتى تۈپەيلىدىن-ئاللاھنىڭ ھىدايىتىدىن يىراق، ئىمان بىلەن ئالاقىسى ئۈزۈك تۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ نەتىجىسىدە ھەر ۋاقىت ئىنسانىيەتكە تەھدىت سېلىۋاتقان خىمىيىلىك، بىئولوگىيىلىك قۇراللار، قىرغۇچى ۋە ۋەيران قىلغۇچى قۇراللار پەيدا بولدى.

ئىسلامنىڭ ئاچقۇچى ئىلىم ۋە چۈشەنچە بولغان بولسا، ئىسلامنىڭ جەۋھىرى ئىماندۇر، ئىماننىڭ جەۋھىرى تەۋھىددۇر.

بۇ ئەسىردە ئىنسانلار نېمە ئۈچۈن بەختسىزلىكتىن شىكايەت قىلىپ، ھاياتنىڭ ھېچقانداق قىممىتىنىڭ يوقلىقىنى ھېس قىلىپ داۋراڭ قىلىشىدۇ؟ كائىنات ئىلمى، تەبئى پەنلەر، ماتىماتىكا ۋە تۇرمۇشنىڭ شەكلىنى ئۆزگەرتكەن، يىراقنى يېقىنلاشتۇرۇپ، تۆمۈرنى سۆزلەتكەن، قىيىنچىلىقنى ئاسانلاشتۇرۇپ بەرگەن پەن تېخنىكا تەرەققىياتى، ئىنسانلار دۈچ كېلىۋاتقان بەختسىزلىك كىرزىسى، گاڭگىراش ھادىسىلىرىنى يوقۇتۇپ ئىنسانلارغا بەخت ئاتا قىلالماسمۇ؟

ئەمەلىيەتتە مەشھۇر ئالىملار ئىلىم-پەننىڭ ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىپ مېڭىشتىن ئاجىز ئىكەنلىكىنى تەكىتلىمەكتە.

www.munber.org

## مەشھۇر ئالىملارنىڭ بۇ ھەقتىكى قاراشلىرى

بۇ ئالىملارنىڭ قاتارىدىن ئىلىم - پەن ساھەسىدە نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن ۋە «ئىنسان نامەلۇم نەرسە» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى «ئالېكس كارىل»، بۇ ئالىم ئۇ كىتابىدا غەرب مەدەنىيتىنى ئىلىم -پەن ۋە لوگىكا ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغان ئىلمى تەنقىد ئاساسىدا تەنقىد قىلغان.

«ئالېكس كارىل» كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «ھازىرقى مەدەنىيەت ئۆزىنى قىيىن شارائىتتا ھېس قىلماقتا. چۈنكى بۇ مەدەنىيەت بىزگە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. بۇ مەدەنىيەت بىزنىڭ ھەقىقى تەبىئىتىمىزگە قىلچە رىئايە قىلىنماستىن تۈزۈلگەن. ئۇ ئىلمى كەشپىيات خىياللىرى، ئىنسانلارنىڭ خىياللىرى، نەزەرىيەلىرى ۋە قىزىقىشلىرى بويىچە تۈزۈلگەن. گەرچە ئۇ مەدەنىيەت بىزنىڭ كۈچىمىز ئارقىلىق پەيدا بولغان بولسىمۇ، بىراق ئۇ مەدەنىيەت بىزنىڭ ھەجمىمىز ۋە شەكلىمىزگە ماس كەلمەيدۇ». [ئىنسان نامەلۇم نەرسە] ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «بىز ئىنساننى تەبىئەت ۋە ئاسترونومىيە ئالىملىرى يارىتىپ چىققان شەكىلدىن ئازاد قىلىشىمىز لازىم. ئىنسان بۇ شەكىلدە گەرچە ئۇنىڭ قەدىر قىممىتى شۇنچە چوڭ بولسىمۇ ئويغىنىش دەۋرىدىن تارتىپ تار دائىرىگە كىرىپ قالدى».



www.munber.org

بۇ مەدەنىيەتنىڭ ماددىۋى دۇنياسى ئىنسانغا نىسبەتەن تاردۇر، ماددى دۇنياسى، ئىقتىسادى ۋە ئىجتىمائى مۇھىت شەكلى بىلەن ئىنسانغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ.

«ئالېكس كارېل» ئوتتۇرغا قويغان بۇ مەسىلىنى نوبېل مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن، بىئولوگىيە ئالىملىرىنىڭ چوڭلىرىدىن بىرسى بولغان «رېيىنبى دوبو» تەكىتلەپ ئۆتتى. بۇ ئالىم «ئىنسانىنىڭ ئىنسانلىقى» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بىز ھازىر ئىلىم - پەن دەۋرىدە ياشاۋاتىمىز دەپ دەۋا قىلىمىز. بىراق ئىلمى مەيداندا ئىنسانلارنىڭ ئىشلىرىنى ئىدارە قىلىشتا ئەسلەپ ئۆتكەندەك مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان تەڭپۇڭلۇق يوق. بىز ماددا ھەققىدە ۋە سىرتقى دۇنيادىن پايدىلىنىشتا نۇرغۇنلىغان مەلۇماتلارنى توپلىدۇق. شۇنداق تۇرۇقلۇق بىزنىڭ بۇ ماھارىتىمىز بىلەن ئوينىشىشتىن كېلىپ چىقىدىغان تەسىرنى بىلمەيۋاتىمىز. كۆپىنچە ۋاقىتلاردا بىز بۇ يەر شارىدا ياشاۋاتقان ئەڭ ئاخىرقى ئەۋلادلاردەك ئىش ئېلىپ بېرىۋاتىمىز».

ھازىر ئىنسانلار ياشاۋاتقان غەلىتە ھايات، ئىنسانىيەت ئەقلىنىڭ ساغلام بولۇشى، ئىنسانىيەت ئىمكانىيىتىنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان جانلىق بىرىكمىلەرنى بىكار قىلىپ تاشلايدۇ.

پەيلاسوپلار، بۇزۇق ئىجتىمائى مۇھىتلاردا ھاياتنى ئۆتكۈزىۋاتقان ئوغلانلارنىڭ كەلگۈسىدىن ئىككىلەنمەكتە. بۇ مۇھىتنى بىز ئۇ ياشلارغا ئويلانماستىن يارىتىپ بېرىۋاتىمىز. ئېچىنىشلىق يېرى شۇكى؛ بۈگۈن ئىنساننىڭ تەپەككۇر

www.munber.org

قىلىش ئالاھىدىلىكلىرى ۋە خۇسۇسىيەتلىرى بولغان مۇھىتلار ۋە ماددى نەرسىلەرگە كۆڭۈل بۆلۈپ، ئىنسانلارغا سەل قارايدىغان ئىجتىمائى ئادەتلەرنى پىلانلانماقتا.

ئىككىنچى ئەسىردىن بۇيان، غەرب ئەللىرى؛ ھەقىقىي نىجاتلىق، بەخت - سائادەت پەن - تېخنىكا كەشپىياتى ئارقىلىق پەيدا بولىدۇ دەپ قاراپ كەلمەكتە. تېخنىكا ئىجادىيىتى ئىنسانلارنىڭ ماددى بايلىقىنى ئاشۇرۇپ، بەدەن قۇرۇلمىسىنىڭ ساغلاملىقىنى ياخشىلىغانلىقىدا شەك يوق. بىراق تېخنىكا كەشپىياتى ئىنسانغا بەخت - سائادەتنى پەيدا قىلىپ بېرەلەيدىغان بايلىق ۋە ساغلاملىقنى بېرەلمىدى.

ئۇ يەنە مۇنداق دەيدۇ: «ئالىملار، ئىلىم -پەن ۋە تېخنىكىنى ئەخلاقى يوق ۋاستىلار دەپ قارايدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنى ئىنسانىيەتنىڭ مەنىۋىيەتى ياكى ئىنسانىيەتنىڭ ۋەيران بولۇشى ئۈچۈن ئىشلىتىش مۇمكىن. ئىلىم -پەن ئىلمى قىيىنچىلىقلارنىڭ ھەممىسىنى ھەل قىلىشقا قادىر بولالايدۇ دېگەن كۆز قاراشنى يۇقىرى سەۋىيەدىكى ئاڭ - تەسەۋۋۇر يالغانغا چىقىرىدۇ. چۈنكى ئىلىم -پەن تېخنىكىسى كونا قىيىنچىلىقلارنى ھەل قىلىشقا بولغان كۆرشىدە يېڭى قىيىنچىلىقلارنى قوزغاپ چىقماقتا».

ئۇ «ئامېرىكا تەرەققى قىلىش خۇراپاتلىقىدىن غەلىبە قىلالامدۇ؟» دېگەن ماۋزۇ توغرىسىدا سۆز قىلىپ، ئىچكى ئىشلار سېكرېتارى «ئىسسىيورات ئۇۋرال» نىڭ سۆزىنى نەقلى كەلتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ:

www.munber.org

«ئىنسان ياساپ چىققان ئامېرىكىنى، قىتئەلەر بويىچە چوڭ كىرزىس دەپ قاراش ئاسان. ئەگەر بىز ئاڭلىق بولمايدىكەنمىز تارىخ بىزنى- ئىنسانىنى ئاي شارىغا ئېلىپ چىققان ئەۋلادلار دېگەن ئاساس بىلەن تىلغا ئالىدۇ، بىراق بىز تىزىمىزغىچە پاسكىنا ئىشلارغا چۆكۈپ كەتتۇق».

ئامېرىكىنىڭ مەشھۇر پىسخولوگىيە ئالىمى پىروفىسسور: «ھىنرى لىنىك غەيىب، ئىلىم- پەن ۋە پىكرنى ھۆرمەتلەش دېگەن بانا بىلەن ئىمانىنى ئىنكار قىلغانلارغا قارشى پىكرىنى بايان قىلىپ، يالغۇز ئىلىم - پەننىڭ ئۆزىلا ئىنسانغا ھەقىقى بەخت- سائادەت سەۋەپلىرىنى يارىتىپ بېرەلمەيدۇ» دېگەن.

«ئەمەلىيەتتە ھازىر ئىلىم - پەن مەيدانلىرىنىڭ ھەممىسىدە پىكىر مەسىلىنى ئۇلۇغلايدىغان كۆرۈنۈشلەر پەيدا بولماقتا. شۇنداق بولسىمۇ پىسخولوگىيە ئالىملىرى يالغۇزلا پىكىر قىلىش ( يەنى مەنىۋى ھاياتتىن يىراق تەپەككۇر قىلىش) قا تايىنىش، ئىنساننىڭ بەخت سائادىتىنى ۋەيران قىلىشقا يېتەرلىكتۇر» دىمەكتە.

«بىز قىيىن ھايات مۇشكۇللىرىمىزنى ئىلىم - مەرىپەتنىڭ تەرەققى قىلىشى بىلەن ھەل قىلىپ بولالمايمىز، بەخت - سائادەتنى يالغۇزلا ئىلىم - مەرىپەت يولى ئارقىلىق قولغا كەلتۈرەلمەيمىز. ئىلىم - پەننىڭ تەرەققى قىلىشىنىڭ مەنىسى ئىشلارنىڭ قالايمىقانلىشىشىنىڭ كۆپىيىشىدۇر، بۇ ئىلىملار ھاياتنىڭ ئوچۇق ھەقىقەتلىرى بايرىقى ئاستىدا بىرلەشتۈرۈلمىسە، ئۇ چاغدا بۇ ئىلىملار، ئۇنى ئىجات قىلىپ چىققان ئەقىللەرنى ئازات قىلالمايدۇ. بەلكى ئەقىللارنىڭ

www.munber.org

ۋەيران بولۇشقا باشلاپ باردۇ. بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسى چوقۇم ئىمان يولى ئارقىلىق بولۇشى لازىم» دېگەن. [«ئىمانغا قايتىش» ناملىق كىتاب. 81 ـ بەت]

## غەرب ئىلمى دىندىن يىراق

غەربتىكى ئىلىم ـ پەن ـ ئېنىق بولغان تارىخى شارائىتلار تۈپەيلىدىن ـ دىندىن خالى ئۆسۈپ چىققان. بەلكى دىنغا قارشى پەيدا بولغان. چۈنكى چىركاۋلار ئىلىم ـ پەن ۋە ئۇنىڭ ئىجادىيەتلىرىگە قارشى پوزىتسىيىدە تۇرغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ـ پەن دىننى تاشلاپ، يالغۇز قەدەم باستى. ئالىملار دىننىڭ تەبىئىتى ئىلىم ـ مەرىپەتكە قارشى تۇرىدۇ دەپ ئويلاپ، دىننىڭ مەنبەسى بولغان ـ ئاللاھتىن يۈز ئۆردى، تەتقىقاتلىرى ۋە قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىلىرىدە ئاللاھنىڭ ئىسمىنى ئاتاپمۇ قويمىدى.

مانا بۇ غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىلىم ـ پەن ۋە ئىلىم ـ پەن ئەربابلىرىنى ئىگەللىگەن يۇقىرى روھ (كۆز قاراش) ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ قانۇنلىرى (ئاللاھنىڭ كائىناتتىكى قانۇنى) دېگەن ئاساس بويىچە ئۆگىتىلمەي، تەبىئەتنىڭ ئىشلەپ چىقارغان مەھسۇلاتى دېگەن ئاڭ بويىچە ئۆگىتىلدى. ئالىملار ئوقۇغۇچىلارغا: مانا بۇ ئاللاھنىڭ قۇدرىتى دېگەننى ئۆگەتمەي، تەبىئەتنىڭ قۇدرىتى دېگەننى تەلىم بەردى. تەبىئەت بولسا بىر نەرسىنى ياساش ياكى ئىشلەپچىقىرىشتىن ئاجىز مەخلۇقتۇر.

www.munber.org

ئاسمان- زېمىندا كۆرۈلىۋاتقان بۇ ئەجايىباتلار، ھەممە نەرسىنى پۇختا قىلغان ئاللاھنىڭ يارىتىشىدىن كەلگەن. ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿پەرۋەردىگارىمىز شۇنداق زاتتۇركى، ھەممە نەرسىگە (ئۆزىگە مۇناسىپ) شەكىل ئاتا قىلدى، ئاندىن ئۇلارغا ياشاش يوللىرىنى، پايدىلىنىدىغان نەرسىلەرنى كۆرسەتتى﴾ دەيدۇ. [سۈرە تاھا 50 ـ ئايەت]

بىز مۆمىنلەر مۇشۇنداق ئىشىنىمىز.

غەرب ئەللىرى ئىلىم ـ مەرىپەتنىڭ ئەجايىباتلىرىنى ياخشىلىق- يامانلىق، پايدىلىق ـ زىيانلىق ۋە ئۆلۈمگە مۇناسىۋەتلىك ئىشلارنىڭ ھەممىسىدە ئىشلەتتى.

ئىلىم ـ پەن مەھسۇلاتلىرىنى ئىنسانىيەتنى ۋەيران قىلىۋېتىدىغان ئۇسكۈنىلەر سۈپىتىدە ئىشلىتىشكە پەسەنت قىلىپ قويمىدى. 20 ـ ئەسىردىكى ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىدا ئۆلۈپ كەتكەن مىليونلىغان ئىنسانلار ۋە ياپونىيەنىڭ خىروشىما، ناگاساكى رايونىغا ھېسابسىز ھاياتلىقنى ۋەيران قىلغۇچى ئاتوم يادرو بومبىلارنىڭ ئىشلىتىلگەنلىكىگە قارىمامسىز؟!

پەيدا بولۇشى، ئۇسۇلى، ئەجادىيىتى مانا مۇشۇنداق بولغان ئىلىم ـ پەننىڭ ئىنسانىيەتنىڭ بەخت سائادىتى ئۈچۈن سەۋەب بولۇشى ۋە ئىنسانىيەت دۇچ كېلىۋاتقان بەختسىزلىكتىن ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزغۇچى رولىنى ئېلىشىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ.

بەلكى بۇ ئىلىم-پەن ـ ئۇلارنىڭ پىسخولوگىيە ئالىملىرى ئېيتقاندەك- ئۇلارنىڭ بەختسىز بولۇپ قېلىش ۋە

www.munber.org

مەنۋىيىتىنىڭ قۇرۇق بولۇشىدىكى سەۋەپلەرنىڭ جۇملىسىدىندۇر.

## پەلسەپىنىڭ ئىنسانىيەتنى بەختلىك قىلىشتىن ئاجىزلىقى

تەبىئى -پەن ۋە ماتىماتىكا بۇ دەۋرىمىزدە شۇنچىۋالا تەرەققى قىلغان بولسىمۇ ئىنسانىيەتنى بەختسىزلىكتىن قۇتقۇزۇپ قالالمىدى. پەلسەپە -ئۆزىنىڭ خىلمۇ - خىل كۆز قاراشلىرى، ئوخشاشمىغان يۆنىلىشلىرى بىلەن- ھازىرقى ئىنسانىيەتنى - خۇسۇسەن ماددى مەيدانلاردا يۇقىرى پەللىگە يەتكەن غەرب ئەللىرىنى- قاراڭغۇلۇق دېڭىزىدا غەرىق بولۇپ كېتىشتىن قۇتقۇزۇش كىمىسى بولۇشقا قادىر بولالامدۇ؟

ئاللاھنىڭ بارلىقى، بىرلىكى ۋە يەككە يېگانىلىقىدىن ئىبارەت ئەڭ ئوچۇق ھەقىقەتتە پەيلاسوپلارخىلمۇ - خىل قاراشتا بولماقتا.

پەلسەپىچىلەرنىڭ قاتارىدا ئىلاھنى ئىنكار قىلىدىغانلار ۋە كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئىنكار قىلىدىغانلارمۇ بار، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە كائىناتتا ماددىدىن باشقا نەرسە يوق، ئۇنىڭدىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسى خۇراپاتتىن ئىبارەت.

بۇلارنىڭ ئەكسىچە ئىلاھلارنىڭ بىر قانچىلىغىنى ئىسپاتلاپ، ئۇنىڭغا ئوبيېكتىپ سۈپەت بەرمىگەن پەلسەپىچىلەرمۇ بار. دىنى پەلسەپەچىلەر تامامەن بۇنىڭ ئەكسىچە.

www.munber.org

ئىنسانلارنىڭ ئەقلى «ئىلاھ» مەسىلىسىدە بىردەك بولمىغىنىدەك، ئىنساننىڭ مەسىلىسىدىمۇ بىردەك بولمىدى. ئىنسان دېگەن نېمە ئۇ؟ ئۇ مەڭگۈلۈك روھمۇ ياكى يوقايدىغان ماددىمۇ؟ ئاسماندىن چۈشكەن نۇرمۇ ياكى زېمىندىن پەيدا بولغان توپىمۇ؟ پەرىشتە سۈپەت مەخلۇقمۇ ياكى قىممىتى يوق ھايۋانمۇ؟ تەپەككۇر قىلىش، ئويلاش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەقىلمۇ ياكى ئىختىيارسىز شەھۋەتمۇ؟ ئۆزگىرىشچان نەرسىمۇ ياكى ئۆزگەرمەيدىغان نەرسىمۇ؟ شەخسىيەتچىمۇ ياكى باشقىمۇ؟ يەككە مەخلۇقمۇ ياكى ئامما بىلەن بىللە ياشايدىغان ئىجتىمائى مەخلۇقمۇ؟ تەربىيە ئۇنۇم بېرىدىغان مەخلۇقمۇ ياكى ئۇنۇم بەرمەيدىغان مەخلۇقمۇ؟ بۈيۈك مەقسەتلەر ئۈچۈن يارىتىلغان ئىسىل مەخلۇقمۇ ياكى تېرىغۇچىسىز پەيدا بولۇپ قالغان قۇرۇغلۇقنىڭ ئۆسۈملۈكىمۇ؟ ئىنساننىڭ ھەقىقىتى زادى نېمە؟ ئۇ ياراتقۇچىسىز يارىتىلدىمۇ ياكى ئۇنى مۇئەييەن ياراتقۇچى ياراتتىمۇ؟ قايسى مەقسەتلەر ئۈچۈن يارىتىلدى؟ نېمە ئۈچۈن ياشايدۇ؟ ھاياتتىكى ۋەزىپىسى نېمە؟ ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن ئاقىۋىتى قانداق بولىدۇ؟ دېگەن سوئاللارغا ھەر ئەسىردىكى، خىلمۇ - خىل رايونلاردىكى، ئوخشاشمىغان يۆنىلىشلەردىكى پىكىر ۋە پەلسەپە ئەربابلىرىنىڭ بەرگەن جاۋابى خىلمۇ-خىل بولماقتا. غەرب ئەللىرى بىلەن شەرق ئەللىرىنىڭ، ئوڭچىلار بىلەن سولچىلارنىڭ كۆز قارىشى بىردەك ئەمەس. كۆپىنچە پەلسەپەگە چوڭقۇرلىغانلار ئۆزى ئىزدىنىۋاتقان مەسىلىدە قاتتىق ھەيران بولۇشماقتا.

www.munber.org

## پەلسەپىنىڭ توقۇنۇشى ۋە زىددىيىتى

غەرب ۋە شەرقتىكى پىكىر ۋە پەلسەپە تارىخىنى ئوقۇڭ!. كونا ۋە يېڭى پەلسەپىۋى يۆنىلىشلەرگە دىققەت نەزىرىڭىز بىلەن قاراپ چىقىڭ! نېمىنى ھېس قىلىسىز؟

قارىسىڭىز، نەمۇنىلىك پەلسەپىچىلەرنىڭ ئەمەلىيەتچى پەلسەپىچىلەرگە قارشى ئىكەنلىكىنى، روھانى پەلسەپىچىلەرنىڭ ماددى پەلسەپىچىلەرگە قارشى ئىقىمدا ئىكەنلىكىنى، ئىلاھقا ئىشىنىدىغان پەلسەپىچىلەرنىڭ ئاتىزىم ۋە دەھرىزىمچى پەلسەپىچىلەرگە قارشى پىكىردە ئىكەنلىكىنى ۋە مەسئۇلىيەتنى ئىجرا قىلىشقا چاقىرىدىغان پەلسەپىچىلەرنىڭ مەنپەئەتكە چاقىرىدىغان پەلسەپىچىلەرگە قارشى ئېقىمدا ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسىز.

ۋىجدانغا قايتايلى دەپ چاقىرىدىغانلارنى ۋە ۋىجدانغا قايتىش خۇراپاتلىق دەپ تونۇلايدىغانلارنى؛ ئىنساننى ياخشى سۆيپەتلەر بىلەن سۈپەتلەيدىغانلارنى ۋە ئىنساننى يۈركەنجىگە ئورنىتىۋالغان بۆرە دەيدىغانلارنى، ئىنساننى ئەركىن ئىختىيارى مەخلۇق دېگۈچىلەر بىلەن، ئۇنى شامالنىڭ تەسىرىدىن ئۇچۇپ كېتىدىغان بىر تال پەي دەيدىغانلارنى ھېس قىلىسىز!

ھەر بىر گۇرۇھتىكى كىشلەر ئۆزلىرىنى توغرا يولدا، باشقىلارنى خاتا يولدا دەپ ئويلايدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى - دىندىن يىراق- ئەركىن ئەقىلغا تايىنىدىغان پەلسەپىچىلەردۇر.

شۇنداقلا پەلسەپە يۆنىلىشلىرىنىڭ قاتارىدا ھېچقانداق بىر نەرسىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىگىنى ئىنكار قىلىدىغان

www.munber.org

پەلسەپىچىلەرنى ئۇچرىتىمىز، ئۇلارنىڭ نەزىرىدە دىنىنىڭ ماھىيىتى ھەقىقەت ئەمەس. ئىنسانمۇ ھەقىقەت ئەمەس. بۇلار ئاخىرى بىرىپ ئۆزلىرىنىمۇ ئىنكار قىلىشتى! بۇلارنىڭ چۈشەنچىسىدە ئىنسان ھەقىقەت دەپ ئويلاۋاتقان نەرسە قۇرۇق، ئەھمىيەتسىز ۋىلۋدىن ئىبارەت.

شۇنداقلا بۇلارنىڭ قاتارىدا بارلىق ھەقىقەتلەرنى شەككە تاشلايدىغانلار بار. ئۇلارغا: ئۇنداقتا سىلەر ھەقىقەتنى ئىسپاتلاشتا شەك قىلىشتىن ئىبارەت بىر ھەقىقەت بار بۇنىڭغا نېمە دەيسىلەر؟ دېيىلگەندە، ئۇلار: «بىز شەك قىلىمىز، يەنە شەك قىلغان نەرسىمىزدىمۇ شەك قىلىمىز!» دەپ جاۋاب بەرگەن. مانا بۇلار ھەر قانداق بىر مەسىلىدە: ھەقىقەتنى ئۇقمايمىز دېگۈچىلەردۇر.

ئىنسان ئەقلىگە ماكان ۋە زامانلارنىڭ ۋەزىيەتلىرى تەسىر كۆرسىتىدۇ. يەنى مۇھىتنىڭ شارائىتى، جۇغراپىلىك مۇھىت، ئىجتىمائى ۋە مەدەنى مۇھىتلار تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇنداقلا ئىنسانىنىڭ كۈچ قۇدرىتى ۋە ۋاستىلار ئارقىلىق مەرىپەتلىشىشكە بولغان قۇدرىتى ئەقلنى دائىرىگە ئېلىپ تۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن سىرت، ئەقىل شەخسىيەتچىلىكتىن ھەر قانچە خالى بولۇشقا ئۇرۇنسىمۇ، كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ـ ھېس قىلىپ، ھېس قىلماي- تەسىر قىلغۇچى ئامىللار، شەخسى مايىلچانلىق، پارتىيە، گورۇھ ۋە مىللەتچىلىك مايىلچانلىقىنىڭ ئەسىرى بولۇپ قالىدۇ.

www.munber.org

شۇنىڭ ئۈچۈن ئىنسان ھەر تۈرلۈك يوللاردا ۋە ئىشلار ئاستىن- ئۈستۈن بولۇپ كەتكەندە توغرا يولغا باشلايدىغان ئەقىل نۇردىن كۈچلۈك بولغان باشقا بىر نۇرغا موھتاج بولىدۇ، ئۇ نۇر بولسىمۇ ۋەھيى نۇردۇر.

## پەلسەپىنىڭ ئەسىرلەر بويى قولغا كەلتۈرگەن نەتىجىسى

جاۋاب بېرىشكە موھتاج بولىدىغان موھىم بىر سوئال ئۆزىنى ئوتتۇرىغا تاشلايدۇ، ئۇ بولسىمۇ: قەدىمقى ۋە يېڭى ئەسىرلەردىكى پەلسەپىنىڭ نەتىجىسى نېمە؟ پەلسەپە ئەقىلنى توغرا يولغا باشلاش، قەلبنى خاتىرجەم قىلىش ياكى روھنى تىنچلاندۇرۇش تەرەپتىن ئىنسانىيەتكە نېمىنى تەقدىم قىلالىدى؟ بۇ سوئاللارغا ھازىرغىچە قانائەتلىنەرلىك جاۋاب بېرەلمىدى ياكى بىر - بىرىگە قارشى ھالەتتە ھەر خىل جاۋابلار بېرىلدى!

پەلسەپە بىنا قىلغاندىن كۆپرەك ۋەيران قىلدى، كۆپ سۆزلەپ كەتتى، ئەسلى شۇك تۇرغان بولسا ياخشى بولاتتى!

مانا بۇ دەۋرىمىزدىكى پەلسەپە تارىخچىلىرىنىڭ بىرىسى، «مەدەنىيەت ۋەقەلىكى» ناملىق مەشھۇر ئەسەرنىڭ ئاپتورى ئامېرىكىلىق «ۋول دىيۋارنت»، «پەلسەپە پرىنسىپلىرى» ناملىق كىتابىدا پەلسەپىنىڭ ئاخىرقى نەتىجىسىنى بايان قىلىپ مۇنداق دەيدۇ: «ئالەمنىڭ تەبىئىيتى نېمە؟ ئۇنىڭ ماددىسى ۋە سۈرىتى نېمە؟ ئالەمنىڭ شەكلى قانداق؟ ئۇنىڭ دەسلەپكى ماددىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇنلىرى نېمە؟ يوشۇرۇن



www.munber.org

شەكىلدىكى ماددىسى نېمە؟ ئەقىل دېگەن نېمە؟ ئۇ داۋاملىق ماددىدىن ئالاھىدە بولۇپ، ماددىنى كونترول قىلىپ تۇرامدۇ؟ ياكى ئەقىل ماددىنىڭ بىر پارچىسىمۇ؟» شائىر: «پەرۋەردىگار ئەتىگەندە يازغان ( تەقدىر قىلغان) نەرسىنى كەچقۇرۇندا ئوقۇيمىز» دېگەندەك، بىز ھېس تۇيغۇ ئەزالىرىمىز بىلەن ياشاۋاتقان سىرتقى ئالەم بىلەن تۇيغۇمىزدا ھېس قىلىۋاتقان يوشۇرۇن ئالەمنىڭ ھەر ئىككىلىسى ئاپتوماتىك قانۇنغا بويسۇنامدۇ؟ ياكى ماددا ياكى ئەقىلدا ياكى ھەر ئىككىلىسىدە كېلىشىپ قېلىش، ئۆچىرىشىپ قېلىش ئەركىنلىك ئاساسلىرى بارمۇ؟... بۇ سوئاللارنى ئاز ئادەملەر سورايدۇ، كۆپ ئادەملەر جاۋاب بېرىدۇ. مانا بۇ پەلسەپىنىڭ ئاخىرقى مەنبەسى، باشقا ھەرقانداق نەرسە ئىدىلوگىيەدىن ئىبارەت پۈختا نىزام ئىچىدە شۇنىڭغا تايىنىشى لازىم.

ئەمدى مەغلۇپ بولغانلىقىمىزغا تەن بېرەيلى، پەلسەپىنى پۈختا ئىگەللەشتە ماتېماتىكا، ئاسترونومىيە، تەبىئەت، خىمىيە، تېخنىكا، بىئولگىيە، پىسخولوگىيە پەنلىرىنى تولۇق ئۆزلەشتۈرۈشكە موھتاج بولغانلىقتىن ئەمەس بەلكى جۇزئى نەرسىدىن ئومۇمى نەرسىنى چۈشىنىشنى كۈتكەنلىكىمىز ئەقىلگە سىغمىغانلىقى سەۋەبىدىندۇر! مۇشۇنداق ئومۇمى نەزەر بىلەن قاراش پىكرىمىزدىن بارلىق قايىقاقلارنى يىراقلاشتۇرىدۇ. ھاياتلىق ۋە ئالەمنىڭ ناھايىتى مۇرەككەپ ۋە ئىنچىكە ئىكەنلىكىنى تەكىتلەش ئۆچۈن ئاز تولا كەمتەر بولايلى، ئەقلىمىزنىڭ ھاياتلىق بىلەن ئالەمنى چۈشىنىپ بولۇشى ناھايىتى قىيىن.

www.munber.org

بىز يۇقىرى كۆتۈرۈپ ئۇلۇغلىغان نەزرىيەلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى، ھەممە نەرسىنى بىلگۈچى ئىلاھنىڭ نەزرىدە مەسخىرە قىلىش ئوبيېكتى بولۇپ قېلىشى مۇمكىن".

پەلسەپە تارىخچىلىرى بىر قانچىلىغان پەيلاسوپلارنىڭ بىرىسى ئىسپاتلاپ چىققان نەرسىنى يەنە بىرسىنىڭ ئىنكار قىلىۋاتقانلىقى، بىرسىنىڭ روھانى يەنە بىرسىنىڭ ماددىزىمچى، بۇنىڭ ئاقىلانە يەنە بىرسىنىڭ ھېسسىياتچى، بىرسىنىڭ خىيالى يەنە بىرسىنىڭ ئەمەلىيەتچى ئىكەنلىكىنى كۆزدىن كۆچۈرۈپ چىققاندىن كېيىن، پەلسەپىدىن قولغا كەلگەن نەتىجە نېمە؟ دەپ سوراشتى، ئەمەلىيەتتە نۆلدىن باشقا نەرسە ئەمەس!

بۇ ئەھۋال كۆزگە كۆرۈنگەن پەلسەپە ئۇستازلىرىنىڭ بىرىسى، ئەزھەر ئۇنۋېرىستىتىنىڭ شەيخى ( رەئىسى) پىروفېسسور «ئابدۇلھەمىد مەھمۇد» ئوچۇق ھالەتتە - پەلسەپىنىڭ بىر بىرسىگە زىتلىقى، نەتىجىسىنىڭ ئوخشاشماسلىقىنى كۆرگەندىن كېيىن: «پەلسەپىنىڭ ئېنىق پىكرى يوق، چۈنكى ئۇ بىر نەرسىنى قارار قىلسا ئۇنىڭ بىلەن بىرگە ئەكسىنىمۇ قارار قىلىدۇ. بىر -بىرسىگە زىت بولغان ھەر ئىككى خىل پىكرنى قوللايدىغان، ئۇنىڭ توغرىلىقىغا دەلىل ئىسپاتلاپ چىقىدىغان پەلسەپىچىلەرمۇ بار. ئىنسان بۇ زىت نەرسىلەردىن قانداقمۇ بىر نەتىجىگە ئېرىشسۇن؟. ئەمەلىيەتتە پەلسەپە تەشنالىقنى قاندۇرالمايدۇ، پەلسەپە دېڭىزنى ئۈزۈپ چىققان كىشى تېخىمۇ ھەيرانلىقتا چۆكۈپ چىقىدۇ».

www.munber.org

پەلسەپىنىڭ ئاجىزلىقى، پەلسەپىچىلەرنىڭ ھېچقانداق نەتىجىگە ئېرىشمىگەنلىكى ھەققىدە ئىپادىلەنگەن سۆزلەرنىڭ ياخشىراقى، ئەدىبىياتچىلارنىڭ پەيلاسوپى، پەلسەپىچىلەرنىڭ ئەدىبىياتچىسى «ئەبۇھەييان تەۋھىدى» نىڭ دېگەن سۆزى بولسا كېرەك. ئۇ مۇنداق دېگەن ئىدى: «پەيلاسوپلار چارچىدى، بىر نەرسىگە ئەسقاتمىدى، جاپا تارتتى مەنپەئەت يەتكۈزەلمىدى، مۇداپىئە قىلدى، پاكىت كەلتۈرەلمىدى، قوشاق تولدى ئاھاڭغا سالالمىدى، توقۇپ چىقتى يالتىراتتى».

## دىندىن باشقىسى ئىنسانىيەتنى قۇتۇلدۇرالمايدۇ

ئىنسان ھەر قانچە تەرەققى قىلغان بولسىمۇ، دىنسىز، ئىمانسىز ۋە ئاسماندىن چۈشىدىغان ۋەھيىسىز ياشىيالمايدىكەن دېگەن كۆز قاراش غەرب ئەللىرىنىڭ نەزىرىدە ئەمەلى ھەقىقەتكە ئايلاندى.

دىن كائىناتنىڭ بارلىقىغا كىلىش سىرى، ھاياتنىڭ جەۋھىرى، ئالەمنىڭ روھىدۇر. ئۇ ئىنسانغا سىرتتقى تەرەپتىن تېڭىلىپ قالىدىغان نەرسە ئەمەس. بەلكى ئىنساننىڭ تەبىئىتىدە بار نەرسىدۇر.

ئىنسان دىنىنى، ئىمانىنى يوقاتسا ئۆزىنى، ئەسلىنى، ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسىنى يوقىتىدۇ. ئۆتمۈشى ۋە كەلگۈسى يوق ئىنسان قانداق ياشايدۇ؟.

www.munber.org

دىنسىز ۋە ئىمانسىز ئىنسان، قاراڭغۇ كېچىلەردە نۇرسىز مېڭىۋاتقان، چۆللەردە يول باشلىغۇچىسىز قەدەم بېسىۋاتقان، ئوكيانلاردا كومپاسسىز كېتىپ بارغان يولۇچىغا ئوخشايدۇ.

دىن ئىنسانىنىڭ سىرتىدىن تېڭىلىدىغان نەرسە بولماستىن، ئۇنىڭ تەبىئىتىدىن ئېتىلىپ چىققان نەرسىدۇر. ھايات- دىنسىز- تەبىئەت بىلەن قارشىلىشىپ قالىدۇ.

دىنىنىڭ ھەقىقەت ئىكەنلىكىگە ئىشەنمەيدىغان بەزى بىر پەيلاسوپلار، ھايات سەپىرىنى تۈزلەش، ياخشىلىق تۇرۇتكىلىرىنى جانلاندۇرۇش، يامانلىق تىرناقلىرىنى يۇلۇپ تاشلاش ئۈچۈن دىنغا ئىمان كەلتۈرۈشنىڭ زۆرۈرلىكىنى ئېتىراپ قىلماي تۇرالمىدى. ئۇلارنىڭ بىرىسى: «ئەگەر ئىلاھ بولمىسا، بىزنىڭ ئۇنى يارىتىشىمىز (پەيدا قىلىشىمىز) لازىم» دېگەن!

يەنە بىرىسى: «سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاللاھنىڭ بارلىقىدا شەك قىلىسىلەر، ئەگەر ئاللاھقا ئىمان كەلتۈرۈش بولمايدىغان بولسا، ئايالىم ماڭا خىيانەت قىلغان بولاتتى، خىزمەتچىم مال - مۈلكىمنى ئوغۇرلاپ كەتكەن بولاتتى!» دەيدۇ.

كۆپلىگەن مەشھۇرئالىملار، ئەقلانىلار ئىنسان ھاياتى ئۈچۈن- يەككە ياكى جەمئىيەت شەكلىدە بولسۇن- دىنىنىڭ زۆرۈرلىكىنى تەكىتلىمەكتە. ئىنسان خاتىرجەملىككە ئېرىشىپ بەختلىك بولۇش، جەمئىيەتنىڭ ئالاقىسى ئۆز - ئارا كۈچىيىپ تەرەققى قىلىشى ئۈچۈن دىنغا ئىشىنىشكە موھتاج بولىدۇ.

www.munber.org

بۈيۈك تارىخشۇناس «تويىنبى» «ئادەت ۋە ئۆزگەرتىش» ناملىق كىتابىدا مۇنداق دەيدۇ: «بارلىق ئىدئولوگىيىلەر بىر ئاجىزلىق نۇقتىسىدا ئورتاق بولىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن بەزىدە خەلق ئاممىسىنىڭ ياخشى كۆرشىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. بۇنىڭ مەنىسى ئىنسانلارنىڭ ئىنسانغا ئىبادەت قىلىشقا قايتىشى دېگەنلىكتۇر. دىن ئىنساننى جەمئىيەتكە ۋە شەخسلەرگە ئىبادەت قىلىشتىن ئازات قىلىپ بولغاندىن كېيىن، ئىنسان يەنە جەمئىيەت تۇرمىسىغا قايتتى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ رولى ئاجىزلاپ چۈمۈلىلەر جەمئىيىتىدىكى (ئىجتىمائى چۈمۈلىگە) ئايلىنىپ قالدى!!

دىنلار ئىنسانغا؛ ئىنسان ئىجتىمائى ھاشارەت ئەمەس بەلكى ھۆرمەتلىك، ئىرادىلىك ۋە ئەقىللىق مەخلۇق دەپ تەلىم بەردى. تۈرلۈك ئىدئولوگىيەلەر بۇ ھەقىقەتنى ئۇنتۇلدۇرالمايدۇ. چۈنكى بۇ ئىدئولوگىيەلەر؛ دىنلار ئىنسانغا ئاتا قىلغان روھى ئەركىنلىكنى بېرەلمەيدۇ.

دىن ئىنسان ئۈچۈن ھاياتلىقتۇر، ئىنسانىيەت ھاياتىنىڭ جەۋھىرى، ئۇ دىللارنى خاتىرجەم قىلىدىغان نۇرى. ئىنسان دىندىن بىھاجەت بولالمايدۇ. تۈرلۈك ئىدئولوگىيەلەر دىننىڭ ئورنىنى باسالمايدۇ، چۈنكى ئىدئولوگىيە ئۆز - ئارا مۆھەببەت ۋە ھەمكارلىق ئورنىغا مۇتەئەسسىپلىك ۋە بىر - بىرىنى يامان كۆرۈشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، ئۇ نان بېرەلىشى مۇمكىن، بىراق روھى خاتىرجەملىك ۋە روھى ئەركىنلىك ئاتا قىلالمايدۇ».

www.munber.org

## خرىستىئان دىنىنىڭ قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىشتىن ئاجىزلىقى

ئىنسان بۇ دەۋرىمىزدە قاراڭغۇلۇق دېڭىزىدا غەرق بولۇپ كېتىشتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن دىنغا موھتاج بولسا، ئىككىلىنىش، قايمۇقۇش ۋە ھەيرانلىق ئىچىدە ئازاپ چېكىۋاتقان ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش رولىنى قايسى دىن ئۆز ئۈستىگە ئالالايدۇ؟

خرىستىئان دىنى بۇ رولنى ئوينىيالامدۇ؟

بۈگۈنكى دۇنيادىكى خرىستىئان دىنى - خۇسۇسەن غەربتە- غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ھۆكۈمرانلىقى ئاستىدا ئىككىلىنىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىشكە دۇچ كېلىۋاتقان ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئالالمايدۇ ۋە تەلەپ قىلىنىۋاتقان ئىنساننى يېتىشتۇرۇپ چىقالمايدۇ.

بۇنىڭ سەۋەبلىرى تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى: خرىستىئان دىنى نەمۇنىلىك شەكلى بىلەن مەدەنىيەت رىسالىتىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان دىن ئەمەس. ئۇ دىن ھاياتقا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ، ئەقىلنى ئاساس قىلمايدۇ، ئىلىم - مەرىپەتكە تەشۋىق قىلمايدۇ، ئىنسان تەبىئىيتىگە تەلپۈنمەيدۇ.

مىسيونېرلار ئۇ دىننى ھاياتقا قارشى، ئەقىلغا زىت، ئىلىم - پەنگە كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، ئىنسان تەبىئىتىگە قاتتىق مۇئامىلە قىلىش شەكلى بىلەن تەسۋىرلىگەن.

نەمۇنىلىك خرىستىئان دىنى ھاياتتىن ئۆزىنى تارتقان، دۇنيادىن ئالاقىسىنى ئۈزگەن. ياخشى نېئمەتلەردىن يۈز

www.munber.org

ئۆرۈگەن «راھىب» دا مۇجەسسەملەشكەن. خرىستىئان راھىبلىرى ئوتتۇرا ئەسىرلەردە ئاياللارنىڭ سايىسىدىن قاچاتتى، ئۇنىڭ يامانلىقىدىن پاناھ تىلەيتتى. ـ گەرچە بۇ ئايال ئاپىسى ياكى ئاچا ـ سىڭلىسى بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ ـ ئۇلار روھى دۇنياسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن بەدەنلىرىنى ئازاپلايتتى.

خرىستىئان دىنىنىڭ ئەخلاقى ئەمەلى بولمىغان ئەخلاقتۇر، چۈنكى ئۇنىڭغا ئىنساننىڭ تاقىتى بەرداشلىق بېرەلمەيدۇ. ئىنجىلدا شۇنداق كەلگەن: «دۈشمىنىڭلارنى ياخشى كۆرۈڭلار، سىلەرگە لەنەت ئېيتقانلارغا بەركەت تىلەڭلار، كىم سىزنىڭ ئوڭ كاچىتىڭىزغا ئۇرسا، سول كاچىتىڭىزنى تۇتۇپ بېرىڭ، كىم سىزنىڭ كۆينىكىڭىزنى ئوغۇرلىسا، ئىشتىنىڭىزنى بېرىڭ...»

خرىستىئانلارنىڭ ئۆزلىرىمۇ ـ خۇسۇسەن غەربتە ـ بۇ ئەخلاقتىن ناھايىتى يىراق. ئۇلارنىڭ ئىچىدە باشقا ئىنسانىيەت جەمىيىتىدە يۈز بېرىپ باقمىغان دىنى ۋە دۇنياۋى ئۇرۇشلار يۈز بەردى. بۇ ئەسىردە يۈز بەرگەن چوڭ ئىككى قېتىملىق دۇنيا ئۇرۇشىنى بايان قىلىش ھاجەتسىز بولغان مەسىلە.

ئەسلى خرىستىئان دىنى چەكلىك مەزگىل، مۇئەييەن مىللەت ئۈچۈن كەلگەن ۋاقىتلىق دىن ئىدى. ئۇ دىن، ئۇنىۋېرسال خەلقئارالىق دىن بولۇش سالاھىيىتى تېپىلمايدىغان دىن ئىدى. ئۇنى ئىسا ئەلەيھىسسالام ئۆزىنىڭ

www.munber.org

پەقەت ئىزىپ كەتكەن «بەنى ئىسرائىل» ئۈچۈن پەيغەمبەر بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىلان قىلغان.

ئەسلى خرىستىئان دىنى ئۆزگەرتىلدى، ئەسلى ساماۋى كىتابى يوقاپ كەتتى. ئۇ دىنىنىڭ ئەقىدىسى، شۇئارى، ئاساسى ۋە شاخچە مەسىلىلىرىگە قەدەر ئىبارەت (تېكىست) ۋە مەنىۋى تەرەپتىن ئۆزگىرىش ۋە بۇرۇلۇشلار قەدەم باستى.

بۇ ئەھۋال ئۇ دىنىنىڭ ھەقىقەتلىكىنى يوقاتتى. ئۇ دىنىنى تەۋھىد (خۇدانى بىر دېيىش) ئەقىدىسىدىن (خۇدانى ئۈچ دېيىدىغان) ئەقىدىگە، يالغۇز ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىسا ئەلەيھىسسالامغا ئىبادەت قىلىدىغان ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

ئىسا ئەلەيھىسسالام: «تۆگە يىڭنىنىڭ تۆشۈكىگە كىرمىگىچە، باي ئاللاھنىڭ رەھمىتىگە ئېرىشەلمەيدۇ» دەيدۇ، يەنە: «مال - دۇنيالىرىڭنى سېتىۋېتىپ ئاندىن كېيىن ماڭا ئەگەشكىن» دەيدۇ.

خرىستىئان دىنىنىڭ مەشھۇر شۇئارى: «قارىغۇلارچە ئېتىقاد قىلغىن! (يەنى ئىمانىڭنى ئەقلىڭدىن ئايرىغىن)».

خرىستىئانلارنىڭ ئىمان تارىخى ۋە تەبىئىتى ئەقىل دائىرىسىدىن سىرتقى نەرسىدۇر.

مەشھۇر پەيلاسوپ پوپ «ئوۋغىستىن» بىر كۈنى ئەقىلغا سىغمايدىغان نەرسىگە ئىمان كەلتۈرۈشنى بايان قىلىپ: «ئەقىلغا سىغمىسىمۇ ئىشىنىمەن» دېگەن.

بۇنىڭ مەنىسى ھەقىقىي خرىستىئان ئىككى ئىشنىڭ بىرسىنى تاللاشتۇر، ئىلىم -پەنسىز دىنىنى تاللاش ياكى

www.munber.org

دىنسىز ئىلىم ـ پەننى تاللاش (يەنى ئىلىم ـ پەنگە تۇرۇش ياكى دىنغا تۇرۇش)، خرىستىئان دىنىنىڭ نەزرىدە ئىلىم ـ پەن بىلەن دىن كېلىشەلمەيدۇ.

ئىككىنچى: خرىستىئان دىنىنىڭ مۆرىسى ئالىملار، مۇتەپەككۇرلەرنىڭ قانلىرى بىلەن مىلىنغان دەھشەتلىك قاراڭغۇ تارىخ بىلەن ئېغىر. بۇ تارىخنى ئەسلەش بىلەن تەڭلا بەدەنلەر قورۇلۇپ، كىچىك باللار قېرىپ كېتىدۇ. چىركاۋ بۇ تارىخىدا پىكىرگە قارشى قاتماللىق بىلەن، ئىلىم ـ پەنگە قارشى خۇراپاتلىق بىلەن، ئەركىنلىككە قارشى مۇستەبىتلىك بىلەن، نۇرغا قارشى قاراڭغۇلۇق بىلەن، خەلق ئاممىسىغا قارشى پادىشاھلار بىلەن بىر مەيداندا تۇردى. تارىخ ئىسىدىن چىقىرىۋەتمىگىدەك دەرىجىدە ئىنسانى قۇشخانىلارنى بارلىققا كەلتۈردى. تارىخ تەپتىش مەھكىمىلىرىنى ۋە تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ كەشپىياتچى، ئىجادىيەتچى ۋە ئىلىم ـ مەرىپەتلىك كىشىلەر ھەققىدە ئېلىپ بارغان جىنايى قىلمىشلىرىنى ئۇنتۇپ قالارمۇ؟!

مۇشۇ نۇقتىلاردىن ئېلىپ ئېيتقاندا خرىستىئان دىنى ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىپ بارالمايدۇ.

ئۈچىنچى: خرىستىئان دىنى پوپلاردىن ئايرىلالمايدۇ، خرىستىئان دىنىنىڭ نوپۇزى، كىشىلەرنىڭ ۋىژدانىغا ھۆكۈمران بولۇۋالغان بۇ كىشىلەرنىڭ نوپۇزىدىن كېلىدۇ. بۇ پوپلار ئۆزلىرىنى رەھمەت دەرۋازىلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى تۇتقۇچىلار، ئاسمان بىلەن زېمىننى تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان ھالقا ۋە ئاللاھ بىلەن بەندە ئارىسىدىكى ۋاستىنى ئىگەللىگۈچىلەر دەپ



www.munber.org

ئويلىشىدۇ. زالىم پادىشاھلارنىڭ زۇلمىدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن نۇرغۇن بەدەل تۆلىگەن ئىنسانىيەت، يەنە بىر قېتىم دىن كىشىلىرىنىڭ ( پوپلار) مۇستەبىتلىك ئەسىرگە چۈشۈپ قېلىشىغا تەييار ئەمەس.

تۆتىنچى: خرىستىئان دىنىدىكى كۆپلىگەن دىن كىشىلىرى، غەرب مەدەنىيىتىدىكى ماددىزىم ۋە ئەخلاقسىز ئېقىمنىڭ ئالدىدا مەغلۇبىيەتكە ئۇچىرىدى. ئۇلار ھە ر خىل ھاۋايى ھەۋەسلەرنىڭ كەينىدىن ئەگىشىپ مېڭىشتى. كىشىلەرنىڭ ھاۋايى- ھەۋەسى يولىدا مېڭىشنى دۇرۇس قىلىپ بەردى.

ياۋرۇپا، ئامېرىكا چېركاۋلىرىدا دىن كىشىلىرىنىڭ ئارىسىدا ئەرلەرنىڭ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن، ئاياللارنىڭ ئوخشاش جىنسلىقلار بىلەن توي قىلغانلىقىنى ھېس قىلىش ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس.

بەزى پوپلار چېركاۋغا ياشلارنى توپلاش ئۈچۈن ھېسسىياتنى قوزغىتىدىغان ناخشا- ئۇسۇللارنى ئىشقا سالماقتا. بۇلارنىڭ نەزىرىدە، «غايە ۋاستىنى ئاقلاپ بېرىدۇ».

بەشىنچى: تەكشۈرۈشلەرنىڭ كۆرسەتمىسىگە ئاساسلانغاندا، ياۋرۇپا ۋە ئامېرىكىدىكى خرىستىئانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئىسىم، مىراس ياكى جۇغراپىيىلىك كاتگورىيە بىلەن خرىستىئان سانىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇلار خرىستىئان دىنىدىكىلەر ئەمەس.

چۈنكى بۇلا ر خرىستىئان دىنىنى ئەقىدە ۋە ئىستىل ئاساسىدا قوللانمايدۇ. ئۇلارنىڭ بىرسىدىن ئەقىدىسى

www.munber.org

توغرىسىدا سوراپ باقسىڭىز: «مەن بۇ ئىشنى ئويلاپ باقماپتىكەنمەن، بۇ ئىش ماڭا ئالاقىسىز» دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇلار ئاللاھ، پەيغەمبەر، ئاخىرەت، جەننەت، دوزاخ دېگەن مەسىلىلەر ھەققىدە ئويلىنىپ يۈرمەيدۇ. بۇلار ھالال ۋە ھارامنى پەرق ئەتمەيدۇ، بۇلارنىڭ ئاساسلىق كۆڭۈل بۆلىدىغىنى دۇنيا ھاياتىنىڭ نەخ لەززىتى ۋە مەنپەئەتىدىن ئىبارەت خالاس. چۈنكى بۇلار قىيامەت كۈنىگە ئىشەنمەيدۇ.

ئىنچىكە تەتقىقاتلارنىڭ بايانىغا قارىغاندا، يەكشەنبە كۈنلىرى چىركاۋغا بارىدىغانلارنىڭ سانى 5 % پىرسەنتتىن ئاشمايدىكەن، يەكشەنبە كۈنى چىركاۋنى زىيارەت قىلىدىغانلار خالىس دىنى نىيەتتە بولماستىن، تۇرمۇش يوللۇقىنى (زېرىكىشنى) ئۆزگەرتىش ياكى ياخشى كۆرىدىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىش ئۈچۈن بارىدىكەن.

شۇنىڭ ئۈچۈن ياۋروپا ۋە ئامېرىكىدىكى خرىستىئانلارنىڭ چىركاۋلىرىنى سېتىشقا باشلىغانلىقىنى كۆرەلەيمىز. چۈنكى ئۇ ئورۇنلارغا ھېچقانداق ئېھتىياج قالمىدى. مۇسۇلمانلار سېتىۋېلىپ، ئۇ ئورۇنلارنى مەسچىتلەرگە ئايلاندۇرماقتا.

ئالتىنچى: غەرب مەدەنىيىتىنى كۆپلىگەن كىشىلەر خرىستىئان دىنىنىڭ مەدەنىيىتى دەپ قارايدۇ. ئۇنى ئىسا ئەلەيھىسسالامغا تاقاشقا ئۇرۇنىدۇ. غەرب مەدەنىيىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدەنىيىتى ئەمەس، دەججالنىڭ مەدەنىيىتىدۇر، چۈنكى دەججال قارىغۇ، بۇ مەدەنىيەتمۇ قارىغۇ مەدەنىيەتتىن ئىبارەت. بۇ مەدەنىيەت ھاياتلىق، كائىنات ۋە ئىنسانغا ماددى كۆزدىن ئىبارەت بىر كۆزى بىلەنلا قارايدۇ،

www.munber.org

ئىنسانىنى روھسىز، كائىناتنى ئىلاھسىز ۋە دۇنيانى ئاخىرەتسىز كۆردى.

شۇ سەۋەبتىن غەرب مۇتەپەككۇرلىرى خرىستىئان دىنىنىڭ نىجاتلىق يولى ئىكەنلىكىنى يىراق سانايدۇ.

خرىستىئان دىنىنىڭ رولى كەلمەسكە كەتكەن، ئىسا (ئۇلارنىڭ نەزرىدە ئىلاھ) ئۆلۈپ كەتتى. بۇ مەنانى نىتىزى: «ئىلاھ ئۆلۈپ كەتتى» دېگەن سۆزى بىلەن ئىپادىلىگەن.

«ئىلاھنىڭ ئۆلۈشى» دېگەن سۆز، ئىسلام ئېڭى ۋە ئىسلام ئەقلىگە نىسبەتەن قاتتىق زەربىدۇر. چۈنكى ئىلاھ بىزنىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) نەزرىمىزدە كىشلەرنىڭ پەرۋەردىگارى، كىشلەرنىڭ پادىشاھى ۋە كىشلەرنىڭ ئىلاھىيدۇر. ئۇ ئىلاھ ئىنسانلارنى ياراتتى، ئۇلارغا ھاياتلىق ئاتا قىلدى، ئۇ ئىنسانلارنى ۋاپات قىلدۇرۇپ يەنە تىرىلدۈرىدۇ. تىرىلدۈرۈش ۋە ئۆلتۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە ئىلاھنى ئۆلدى دەپ تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولمايدۇ. بۇ ئىلاھنى ئۆلۈمدىن سىرىت مۆگىدەش ياكى ئۇيقۇ تۇتۇپ قالمايدۇ.

ئەمما خرىستىئانلارنىڭ ئىلاھىي ئۇلارنىڭ ئېتىقادىدا ئىنسان شەكلىدىكى ئىلاھدۇر ياكى ئۇ ئىلاھنىڭ روھى ئىنسانغا چۈشكەندۇر.

ئۇلار ئۇ ئىلاھنى دارغا ئېسىلىپ كەتكەن دەپ ئېتىقاد قىلىشىدۇ.

www.munber.org

## يەھۇدىي دىنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىشتىن تېخىمۇ ئاجىز

خرىستىئان دىنى قۇتقۇزۇش رولىنى ئېلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، يەھۇدىي دىنى تېخىمۇ ئاجىز كېلىدۇ.

يەھۇدىي دىنىنىڭ ئۆزىمۇ، ئۇ دىندا ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغىدەك ھىدايەت بار دەپ قارىمايدۇ، بۇ دىنغا ئۇنسۇرىيەتچىلىك تەبئىتى غەلىبە قىلىپ كەتكەن.

يەھۇدىيلار ئۆزلىرىنى "ئاللاھنىڭ تاللانغان خەلقى" دەپ گۇمان قىلىدۇ، يەھۇدىي دىنىنى ئۇنسۇرىيەتچىلىك بېسىپ كەتكەنلىكى سەۋەبىدىن ئۇ دىن باشقىلارغا تارقىتىلماي، ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى بىلەنلا چەكلىنىپ قالىدۇ.

يەھۇدىي دىنىدا «ئاللاھ» ئالەملەرنىڭ پەرۋەردىگارى ئەمەس، بەلكى ئۇ يەھۇدىيلارنىڭ پەرۋەردىگارىدۇر. يەھۇدىيلارنىڭ نەزىرىدە ئاخىرەت كۈنى يەھۇدىيلارنىڭ مۈلكىدۇر.

مىسىرلىق قىبتى مىللىتىنىڭ يازغۇچىسى دوكتۇر/ پەۋزى لوقانىڭ يەھۇدىي دىنىنى: «ئۇ بۇ خەلقنىڭ دىنىدۇر، يەنى خەلقئارالىق دىن ئەمەس» دەپ سۈپەتلىگەنلىكى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس.

مۇسا ئەلەيھىسسالام دەۋەت قىلغان تەۋھىد بۇ كىتابتا (تەۋراتتا) زايا بولۇپ كەتتى. بۇ كىتاب ئىلاھنىڭ سۈرتىنى سەتلەشتۈرۈۋەتتى، ئىلاھقا ئىنساندا تېپىلىدىغان نادانلىق، قورقۇش، ھەسەت قىلىش ۋە ئاجىزلىقتا ئوخشاش سۈپەتلەرنى ئىلاھقا چاپلىدى.

www.munber.org

ئاللاھ تائالا ئىنسانىيەت ئۈچۈن ھىدايەت ۋە مۆئمىنلەرنى قىلىپ ئەۋەتكەن پەيغەمبەرلەرنىڭ تارىخىنى بۇلغاپ، ئۇلارغا ھەر تۈرلۈك تۆھمەتلەرنى چاپلىدى.

يەھۇدىي دىنىنىڭ شەرىئىتى باشقىلارغا ھارام قىلغان نەرسىنى يەھۇدىيلارغا ھالال قىلىپ بېرىدۇ. ئائىلىۋىي، جازانە ئىشلىرىدا يەھۇدىينىڭ يەنە بىر يەھۇدىيغا جازانە قىلىشى ھارام، ئەمما يەھۇدىي بولمىغان مىللەتلەر بىلەن بولسا ھالال سانىلىدۇ. يەھۇدىي يەھۇدىي بولمىغان باشقا مىللەت بىلەن پاھىشە قىلسا جازاغا ئۇچرىمايدۇ، چۈنكى بۇ زىنا ھېسابلانمايدۇ.

تەۋرات تەلىماتلىرىغا قارايدىغان بولساق، بۇ تەلىماتلار يەھۇدىيلارنى بۈگۈنكى دەۋرىمىزدىكى مافىيە (تەشكىللىك قاراقچىلار گورۇھى) قاراقچىلىرىغا ئوخشاش يېتىشتۈرۈپ چىقىدۇ. چۈنكى بۇلار دىن نامى بىلەن ئىنسانلارنىڭ قېنىنى، مال - مۈلكىنى ۋە ئابرويلىرىنى ھالال سانايدۇ. بۇلار «باشقا مىللەتلەر بىزگە قۇل بولۇشى لازىم. بىز ئالەمگە خوجايىن بولۇشىمىز كېرەك، چۈنكى باشقىلار بىزگە نىسبەتەن ھايۋاندىنمۇ تۆۋەن ئورۇندىكى مەخلۇقلاردۇر» دەپ قارىشىدۇ.

يەھۇدىي دىنى خەلقئارالىق دەۋەت ئەمەس، ئۇ ئالەمنى توغرا يولغا يېتەكلەشنى مەقسەت قىلمايدۇ. ئۇ دىنىنىڭ بىردىن- بىر ئويلايدىغان مەقسىتى ئالەمگە خوجايىن بولۇشتۇر (ھازىرقى بۇرۇلۇپ كەتكەن ھالىتىنى دىمەكچى).

گەرچە يەھۇدىيلار ئىنسانىيەتنى توغرا يولغا باشلاش رىسالىتىگە ئىگە بولۇپ قالغان بولسىمۇ، ئۇ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش سالاھىيىتىدىن ناھايىتى يىراق، چۈنكى ئۇلار

- شەخسىيەتچىلىكى، ئاداۋەتخورلۇقى، تاماخورلۇقى، ئۆزى ياشاۋاتقان جەمئىيەتنى بىر ئامال قىلىپ ئىگەللىۋېلىشقا ئوخشاش ئاچكۆزلىكى سەۋەبىدىن- خەلقئارالىق رىسالەتنى كۆتۈرۈپ مېڭىشقا يارىمايدۇ.ئۇلار ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمەنلىرىدۇر.

ئۇلار- ئاللاھنىڭ پەيغەمبەرلىرى بىلەن بولغان قانلىق تارىخلىرى بىلەن - ئىنسانىيەت ئۈچۈن رىسالە كۆتۈرۈش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس.

ئۇلار - يىتىنە قوزغاش، ئىتتىپاقلىقنى بۇلۇپ تاشلاش، ناچار ئىدىيەلەرنى تارقىتىش، ئەخلاقسىزلىققا چاقىرىدىغان پەلسەپىلەرنى قانات يايدۇرۇش تارىخى بىلەن- ئىنسانىيەتنى قۇتقۇزۇش، ئىنسانىيەتنى قاراڭغۇلۇقتىن نۇرغا چىقىرىش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس، چۈنكى ئۇلاردا مۇنداق قابىلىيەت يوق.

## ئىنسانىيەتنى ئىسلام دىنىدىن باشقا قۇتقۇزغۇچى تېپىلمايدۇ

بۇگۈنكى ئىنسانلار (كاپىتالىزم ۋە كوممۇنىزمدىن ئىبارەت) ئىككى تارماقلىق غەرب مەدەنىيىتىنىڭ پەلسەپىسى ۋە رىسالىسىدىن باشقا رىسالىسى ۋە پەلسەپىسى بار يېڭى بىر مەدەنىيەتكە موھتاج.يۇقارقى ھەر ئىككى مەدەنىيەتنىڭ مۇئەسسىسى بىردۇر. ئۇ بولسىمۇ ماددى مەنپەئەت مەدەنىيىتىدۇر.

www.munber.org

بۈگۈنكى ئىنسانلار ئاللاھقا، ئۇنىڭ پەيغەمبەرىگە، قىيامەت كۈنىگە ئىمانىنى قايتۇرىدىغان يېڭى بىر مەدەنىيەتكە ۋە ئىنسانلىقىنى نامايەن قىلىدىغان ئالىي قىممەتلەرگە موھتاج.

بۈگۈنكى ئىنسانلار دىن بىرلەيدىغان، ئىلىم پەن يوقۇتۇپ قويمايدىغان، ئىمان ئاتا قىلىدىغان، ئەقىل تارتىۋالمايدىغان، روھ بېرىدىغان ماددا مەھرۇم قىلمايدىغان، ئاخىرەت بېرىدىغان دۇنيا ھارام قىلمايدىغان يېڭى مەدەنىيەتكە قاتتىق موھتاج.

ئىنسانلار بۈگۈن، زېمىن بىلەن ئاسمان تۇتىشىدىغان، رەببانى (خۇداگۈيىلۇق) مەنالار بىلەن ئىنسانى مەنپەئەتلەر ئۇچرىشىدىغان، تەپەككۇر قىلالايدىغان ئەقىل بىلەن مۆمىن قەلب قېرىنداش بولىدىغان مەدەنىيەتكە موھتاج. ئىنسان بۇ مەدەنىيەتتە ئىلاھىي ۋەھيىنىڭ نۇرى ۋە ئىنسانى پىكرىنىڭ كۆرسەتمىسى بىلەن ئالغا قەدەم باسىدۇ. ھەر ئىككىلىسى ئاللاھنىڭ ئىنسانغا قىلغان رەھمىتىدۇر.

مانا بۇ مەدەنىيەت ئىسلام مەدەنىيىتىدۇر. ئۇ مەدەنىيەتتە- ھەممىدىن خەۋەردار بولغان ئاللاھتىن باشقىسى قادىر بولالمايدىغان- بىر خىل شەكىلدىكى تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇكەممەللىك كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنى، ئىنسانىيەتكە نۇرماللىق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن ئالاھىدە بولغان پىرىنسىپنى تەقدىم قىلالايدىغان بىردىن بىر ئىدئولوگىيەدۇر.

ئىلىم - پەن بىلەن پەلسەپە ئىنسانىيەتنى بۈگۈن دۇچ كېلىۋاتقان قىيىنچىلىقلاردىن قۇتقۇزۇشتىن ئاجىز، دىنىنىڭ ئۆزىلا قۇتقۇزۇش رولىنى ئالالايدۇ دىدۇق ۋە خرىستىئان دىنى،

www.munber.org

يەھۇدىي دىنىنىڭ بۇ رولنى ئېلىشقا سالاھىيىتىنىڭ يوق ئىكەنلىكىنى بايان قىلىپ ئۆتتۇق.

ئىنسانىيەت ئىجاتلىق يەلكىنى ئىزدەۋاتقان بۇ زاماندا، ئىسلام دىنىدىن باشقا بۇ رولنى ئالالايدىغان ھېچقانداق دىن يوق.

سىز، ئىسلام دىنىنىڭ بۇ خىزمەتنى ئۆتەشكە سالاھىيىتى يېتەرلىك دەرجىدە بار دەپ قارامسىز؟!

(ئىسلام جەمىيىتىدىكى) ساھەدە كۆرۈنۈۋاتقان ئىدىيە يۆنىلىشلىرىنىڭ قايسى بىرسى بۇ رولنى ئالالايدۇ؟

www.munber.org

# نوپۇزلۇق يەتتە يۆنىلىش

بىز بۇ يەردە ئىسلام نامى بىلەن سۆزلەيدىغان، ئىسلام ھەققىدە ئوبيېكتىپ ياكى سوبيېكتىپ (ئىيجابى ۋە سەلبى) پوزىتسىيەدە بولىدىغان ئاساسلىق ئىدىيە يۆنىلىشلەرنى ئوچۇق ۋە ئامانەت بىلەن ئۆز ئەينى ئوتتۇرىغا قويىمىز.

ساھەدە ئاساسەن يەتتە خىل پىكىر يۆنىلىشى تېپىلىدۇ، بۇلارنىڭ ئالتىسىنى رەت قىلىمىز. چۈنكى بۇ ئالتە يۆنىلىش ئىسلام دىنىنى ئۆز ماھىيىتى بىلەن كۆرسىتىپ بېرەلمەيدۇ. يەتتە خىل يۆنىلىشنىڭ پەقەت بىرسىگىلا ئىشىنىمىز ۋە شۇ خىل يۆنىلىشكە دەۋەت قىلىمىز، ئۇ بولسىمۇ «مەدەنىيەت يۆنىلىشىدۇر»، بۇ يۆنىلىشلەر تۆۋەندىكىچە:

بىرىنچى: كۆشمەك يۆنىلىشى: (كونىلىققا ئېسىلىۋېلىپ، يېڭىلىق يارىتالمايدىغان يۆنىلىش)

بۇ ئاڭدىكى كىشىلەر ئۆتمۈش ئۈستىدە ياشايدۇ، ئۆتمۈشىنى كۆشىدۇ، ئۆتمۈشىنى قايتىدىن چايناپ چىقىدۇ، بىراق ئۆتمۈشكە يېڭى بىر نەرسە قوشمايدۇ.

ھايۋانلاردىكى تونۇشلۇق بولغان كۆشىشنىڭ موھىم رولى بار، ئۇ بولسىمۇ تىز يەپ سالغان ياكى ياخشى چاينالماي قالغان نەرسىنى قايتۇرۇپ ئېكىلىپ ئالدىرماي، ئېغىر بېسىقلىق بىلەن چايناشتۇر.

www.munber.org

ئەمما ئىدىيە كۆشىشى ئەمەلىيەتتە ھەزىم قىلىنىپ بولغان نەرسە، پايدىسى بولمىغان نەرسىنى قايتا كۆشىمەك ئەيىپ سانىلىدىغان ئىشتۇر.

ھايۋانلارنىڭ كۆشىشىنىڭ مەنپەئەتى بار، ئەمما ئىنسانلارنىڭ كۆشىشىنىڭ پايدىسى يوق، بەلكى ئىسلام مىللەتلىرىگە زىيانلىق تەرىپى بار، چۈنكى بۇ ئىش مۇسۇلمانلارنىڭ كۈچ - قۇدرىتىنى مەنپەئەتسىز ئىشلاردا زايا قىلۋىتىدۇ.

ئۆتمۈشنى ياكى ئۆتمۈشتىكى مىراسنى يېڭى بىر نەرسە پەيدا قىلىش ئۈچۈن ئىشلىتىش ھەقىقەتەن پايدىلىق ئىشتۇر. ئۇ چاغدا ئۆتمۈش، مۇسۇلمانلارنىڭ ۋۇجۇدى تايىنىدىغان ئۆزگەرمەيدىغان نىشانلار ۋە مەڭگۈلۈك پىرىنسىپلارنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن يېڭى ئۇسكۈنىلەرنى بەربا قىلىش خىزمىتىدە بەزى ماددىلار قوشۇلىدىغان «خام ئەشيا» نىڭ ئورنىدا بولىدۇ.

بۇ يۆنىلىشنىڭ تەمسىلچىلىرى ئۆتمۈشتىكى ئۆلۈكلەرنىڭ ئەقلى بىلەن ئويلايدىغان، ھازىرقى زاماننىڭ ھايات مۈشكىلىرىگە پەقەت كۆزلىرى بىلەنلا قارايدىغان بەزى بىر تەشۋىقاتچىلار ۋە ئۆتمۈش ئۇستىدىلا ياشايدىغان، بۇ دەۋردە يۈز بېرىۋاتقان تۈرلۈك ئېقىملارغا ۋە قىيىنچىلىقلارغا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان بەزى بىر دىنى ئۇنىۋېرسىتېتلاردۇر.

بۇلار ئىدىيىسىدە، ئىستىمال قىلىۋاتقان سۆزلىرىدە ۋە يۆنىلىشلىرىدە كونىلارچە ئۇسۇل قوللىنىدۇ.

www.munber.org

بۇ يۆنىلىشتىكىلەر، كونا ئەسىرلەردە ھەرقانداق بىر قىيىنچىلىق ئۈچۈن ھەل قىلىش چارىسى، ھەر قانداق سوئال ئۈچۈن جاۋاب چىقىدۇ دەپ قارىشىدۇ.

بىز بۇ يەردە قەدىمقى يېتەكچىلىرىمىز، ئالىملىرىمىزنىڭ مۇسۇلمانلارغا نۇرغۇن پىقھى (چۈشەنچە) ۋە بىلىم قالدۇرۇپ كەتكەنلىكىدە تالاش - تارتىش قىلىپ يۈرمەيمىز. قەدىمقى ئالىملىرىمىز بىزنىڭ بۇ دەۋرىمىز ئۈچۈن ئەمەس ئۆز زامانى، بىزنىڭ قىيىنچىلىقلىرىمىز ئۈچۈن ئەمەس شۇ زامانىدىكى قىيىنچىلىقلىرى ئۈچۈن ئىجتىھاد (ھۆكۈم چىقىرىش) قىلغان ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن بىزمۇ بۇ دەۋرىمىز، موھىتىمىز ئۈچۈن ئۇلار ئىجتىھاد قىلغاندەك ئىجتىھاد قىلالايلى.

ئەۋۋەلقىلارنىڭ كېيىنكىلەر ئۈچۈن نۇرغۇن نەرسىلەرنى قالدۇرۇپ كەتكەنلىكى ھەقىقەت. دىنى بىلىملەردىن سىرت، تەبىئىي پەن ۋە ماتېماتىكا ساھەلىرىدىمۇ كۆز ئالدىمىزغا كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ.

ھايات ھازىر ناھايىتى زور دەرىجىدە ئۆزگىرىپ كەتتى، بۇ ئەھۋال شارائىتقا قارىتا پەتىۋالارنىڭ ئۆزگىرىشىنى تەقەززا قىلماقتا. (بۇ كۆز قاراشنى كاتتا ئالىملار بېكىتكەن- يەنى پەتىۋا زاماننىڭ، ماكاننىڭ ۋە شەخسنىڭ ئۆزگىرىشىگە قاراپ ئۆزگىرىدۇ).

بۇ ئۆزگىرىش مەسىلىسى پەقەتلا «پىقھى» مەسىلىدىلا توختاپ قالمايدۇ، بەلكى ئەقىدە، لوگىكا پەنلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ھازىرقى ئىنسانلارغا ھازىرقى تىل بىلەن خىتاب قىلىش نېمە دېگەن موھىم ھە!

www.munber.org

ئىككىنچى: ئۆزىنى يوقىتىش يۆنىلىشى:

بۇ يۆنىلىش، ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئۆز شەخسىيىتىدىن چىقىپ، ئىدىئولوگىيىسى، شەرىئىتى ۋە رىسالىسىگە تىنىپ، كۈچ جەھەتتە ئارتۇق، تەرەققىيات جەھەتتە ئالدىدا، ماددى ئىجادىيەتتە مەدەنىيەتلىك بولغان باشقا مىللەتلەر ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كېتىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

بۇ يۆنىلىشتىكىلەر: مەدەنىيەت پارچىلانمايدۇ، مەدەنىيەتنىڭ- غەرب مەدەنىيىتىنىڭ ئىلمىي ياكى پەن تېخنىكا قىسمىغا ئوخشاش- بىر قىسمىنى ئېلىپ، ئۇ مەدەنىيەتنى پەلسەپە يىلتىزى، ئەخلاقى قىممىتى، ئىدىيە چۈشەنچىلىرى، تەربىيە پرىنسىپلىرى، قانۇن چىقىرىش يۆنىلىشلىرىگە قەدەر بولغان تەرەپلىرىنىڭ ھەممىسى تولۇق قوبۇل قىلىنمىسا نەتىجىگە ئېرىشكىلى بولمايدۇ، شۇنداقلا تەرەققىيات ساھەسىدە ئۇ كىشىلەر بىلەن رىقابەتلەشكىلى بولمايدۇ دەپ قارايدۇ.

بىز بۇ يۆنىلىشتىكىلەرنى «ئۆزىنى يوقىتىش يۆنىلىشى» دەپ ئاتىدۇق، چۈنكى بۇ يۆنىلىش ئىسلام مىللەتلىرىنى يوقىتىش، ئۈممەتنىڭ شەخسىيىتى ۋە ئالاھىدىلىكىنى كېرەكسىز قىلىپ تاشلاشنى مەقسەت قىلىدۇ. مانا بۇ ئەينەن ئۆزىنى يوقاتقانلىقتۇر. ئۈممەتنىڭ مەۋجۇتلىقى - ئۈممەت بولۇش سۈپىتى بىلەن- ئۈممەتنىڭ شەخسىيىتى ۋە خۇسۇسىي ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ مەۋجۇتلىقى بىلەن بولىدۇ. ئەگەر بۇ ئۈممەت، تۈز سۇدا ئېرىپ كەتكەندەك باشقا مىللەتلەرنىڭ ئىچىدە ئېرىپ تۈگەپ كەتسە ئالاھىدە مەۋجۇدىيىتى بولماي

www.munber.org

قالىدۇ. ئۇ چاغدا بۇ ئۇممەتنىڭ ھاياتلىقى بىلەن ئۆلۈمى ئوخشاش بولۇپ قالىدۇ.

دىنى، ئەخلاقى ۋە مەدەنىيەت تەرەپتىن خەلقئارالىق رىسالىسى بار بىر ئۇممەتنى مۇشۇنداق يۆنىلىشكە چاقىرغانلىق ئۇممەتكە قىلىنغان ئەڭ چوڭ جىنايەتتۇر.

مەدەنىيەتنىڭ بىر قىسمىنى قوبۇل قىلىش، ئۇ مەدەنىيەتنىڭ ھەممىسىنى قوبۇل قىلىشنى تەقەززا قىلمايدۇ. بۇ ئىلگىرى ۋە يېقى دەۋرلەردىمۇ تەكرارلانماقتا. غەرب ئەللىرى ئىسلام دىنىنىڭ روھى، ئەخلاقى ۋە قانۇنى تەرىپىنى قوبۇل قىلماي، ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ تەجرىبە ئىلمى پرىنسىپىنى قوبۇل قىلغان. ياپۇنىيە بۇ دەۋردە غەرب مەدەنىيىتىدىن ئىلىم- پەن تېخنىكا تەرىپىنى قوبۇل قىلدى، بىراق غەربنىڭ ئىدئولوگىيىسى، قىممىتى، ھايات كۆز قارىشى ۋە ئۆرپ - ئادەتلىرىنى قوبۇل قىلمىدى. ئۆزىنىڭ ئەپسانە ئەقىدىسىنى ھازىرغىچە ساقلاپ كەلمەكتە. غەرب ئەللىرى ئىسلام مەدەنىيىتىدىن پايدىلانغاندەك، ياپۇنىيەمۇ غەرب ئەللىرىدىن پايدىلاندى.

مانا بۇ خەتەرلىك يۆنىلىشنى ئوڭچى لىبرالىزمدىن تارتىپ سولچى ماركسىزمغىچە بولغان خىلمۇ - خىل گورۇھلار ئوخشاشمىغان پەلسەپىلىرى بىلەن «غەربلىشىشكە» چاقىرغۇچىلار تەمسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ ھەممىسى -گەرچە بۇلارنىڭ كۆز قارىشى ئوخشاشمىسىمۇ-ئىسلام ئۇممىتىگە نىسبەتەن «ئىسلامنىڭ مەرجە» (قانۇن چىقىرىش مەنبىيى) ئىكەنلىكىنى رەت قىلىشتا ئورتاق.



www.munber.org

شۇنداقلا؛ ئىسلام ئۈممىتىنىڭ باشقا مىللەتلەرگە ئىدىيە، قىممەت قارىشى، ئىستىل جەھەتتە غىربچىمۇ ـ غىربچ ئەگىشىپ مېڭىشى ئۈچۈن، ئىسلام ئۈممىتىنى ئۆز ماھىيىتىدىن چىقىرىپ تاشلاش ۋە تىرىسىدىن سويۇپ تاشلاش ھەركىتىدە ئورتاق.

مانا بۇلارنىڭ ھەممىسى خىلمۇ ـ خىل مەدرىسلىرى (يۆنىلىشلىرى) بىلەن ئۈممەتنىڭ يىلتىزىنىڭ بارلىقىغا، ئۈممەتتىكى رىسالەت، مەدەنىيەت مائارىپىنىڭ بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ. بۇلار، ئىسلام ئۈممىتى باشقىلارنىڭ مەدەنىيىتىنى سۆرەپ كىرمىسە ياشىيالمايدۇ بەلكى تەرەققى قىلالمايدۇ دەپ قارىشىدۇ.

ئەگەر بۇلار باشقا مەدەنىيەتلەرنىڭ ئۇسۇللىرى ۋە شەكلىنى ئىمپورت قىلايلى دېگەن بولسا پىكىرگە قوشۇلغان بولاتتۇق. بىراق بۇلار ئىسلام ئۈممىتىنىڭ يىلتىسىز قىلىپ قىلىشنى، غەرب مەدەنىيىتىنىڭ يىلتىزى ۋە پەلسەپىلىرىنى تولۇق ئىمپورت قىلىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

بۇلارنىڭ بەزىسى ئىسلامنىڭ مەرجە ئورنىدا ئىكەنلىكىنى- سالامە مۇسا، تاھا ھۈسەيىنگە ئوخشاش ئوچۇق رەت قىلغانلار بار.

بەزىللىرى، قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىپ تېكىستىنىڭ تارىخى (يەنى كوناپ قالدى، ۋاقتى ئۆتۈپ كەتتى) دېگەن سۆز ياكى ئۇنى يېڭى شەكىل بىلەن ئوقۇپ چىقىش (قاراپ چىقىش) كېرەك دېگەن بانا بىلەن ئەگرى ئۇسۇللارنى قوللۇنىدۇ. بۇلار، ئۈممەت بىرلىككە كەلگەن مىراسى ئىلمى ئاساسلارغا تايانمايدۇ. بەلكى ئۇنى ھاۋايى ـ ھەۋەسى بويىچە شەرھىلەيدۇ.



www.munber.org

بۇ يولدا ياۋروپاغا ئىبادەت قىلىدىغان، غەرب مەدرىسلىرىدە تەربىيىلەنگەن ۋە غەرب ئىدىيىسىنىڭ قۇللىرىدىن ئىبارەت بىر بۆلۈك غەرب پىتنىسىگە ئۇچرىغانلار ماڭىدۇ.

ئۈچىنچى: ئۆزرە بايان قىلىش يۆنىلىشى:

بۇ يۆنىلىش، ئىسلام پەلسەپىسى، قىممەتلىرى، ئەخلاقى، چۈشەنچىسى ۋە قانۇنلىرىنىڭ ھەممىسى غەرب مەدەنىيىتى بىلەن ماسلىشىپ مېڭىشى لازىم. ئىسلام دىنىدىن غەرب مەدەنىيىتىگە قارشى كېلىپ قالغان نەرسىلەرگە ئۆزرە بار دەپ چاقىرغۇچىلار ئىسلام دىنىنى، -خۇددى ئىسلام دىنى تۆھمەت قەپەزىدىكىدەك- تەقدىم قىلىدۇ.

بۇ نۇقتىدىن كۆپلىگەن كىشىلەر ئائىلە ساھەسىدە نىكاھ قانۇنى، تالاق قانۇنى، ئاياللار ساھەسىدە ھىجاب (يۈزىدىن باشقا بەدىنىنى تولۇق يۆگەيدىغان رومال) مەسىلىسى، ئىقتىساد ساھەسىدە ئۆسۈم مەسىلىسى، خەلقئارالىق ئالاقە ساھەسىدە جىھاد مەسىلىسىگە ئوخشاش ئەسلى مەسىلىلەردە ئېغىر جازاغا دۇچ كېلىۋاتقان تۆھمەتچىنى مۇداپىئە قىلغاندەك ئادۇكاتلىق پوزىتسىيىسىدە تۇردى.

بۇ يۆنىلىشتىكىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزىنى ئاقلاشتىن ئىبارەت ئاجىز مەيداندا تۇرۇشىدۇ، ئۇلار شۇ ئارقىلىق غەرب ئەللىرى مۇستەملىكىچىلىك زامانىدا تاڭغان ۋەزىيەتلەرگە ئىسلامى پەتىۋالارنى كەيدۈرۈش ئارقىلىق دۇرۇس ساناشقا ئۇرۇنىدۇ.

بۇ ئارقىلىق بۇلار ئۆزلىرىنى مەسخىرە قىلىشىدۇ، باشقىلارنى ئازدۇرىدۇ، ئۆزىنى ئاقلاش ۋە ئۆزرە ئېيتىش يۆنىلىشى

www.munber.org

يىگىرمىنچى ئەسىرنىڭ دەسلەپكى يېرىمىدا خېلى ئاشكارا ئىدى، ھازىرغا قەدەر بۇ يۆنىلىش جازانە ۋە بانكا ئۆسۈمىنى ھالال قىلىپ بېرىشنى ئىرادە قىلىدىغان، ھاراقنى ھالال قىلىپ بېرىدىغان، شەرىئەتتىكى جىنايى ئىشلار قانۇنىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇشنى مەقسەت قىلىدىغان، مۇسۇلمان قىزلارنىڭ بېشىنى يالاڭباشتاق ئېچىۋېتىشنى ئىرادە قىلىدىغان كىشىلەر بۇ يۆنىلىشنىڭ تەمسىلچىلىرى بولماقتا.

تۆتىنچى: پەخىرلىنىش يۆنىلىشى:

ئۆزرە قويۇش ۋە ئۆزىنى ئاقلاش يۆنىلىشىنىڭ قارشىسىدا پەخىرلىنىش يۆنىلىشى تېپىلىدۇ. بۇ يۆنىلىش؛ ئىسلام دىنى، تارىخى ۋە تۈنۈگۈنكى مەدەنىيىتى، بۈگۈنكى ئويغىنىشى توغۇرلۇق پەخىرلىنىدىغان مۇتىكەببۇر ئادەمدەك سۆزلەيدۇ. بۇ يۆنىلىش بىزگە تۈنۈگۈن يەتكەن دىنى، ئەخلاقى، پىكرى ۋە مەدەنىيەت تەرەپلىرىدىكى ئەيىپ ۋە ئاپەتلەرنى ئۇنتۇپ قېلىپ، ئىسلام دىنىنىڭ شانلىق تارىخىدىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ. بۇ ئاپەت، ئەيىپلەر بۈگۈنگە قەدەر ئىسلاھ قىلىنماي بىزگە زىيان كەلتۈرمەكتە، شۇ سەۋەپتىن بىز ئۈچىنچى دۇنيا ئەللىرىگە نىسبەت بېرىلىدىغان ئىنسانىيەت كارۋىنىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ قالدۇق.

مەن بۇ سۆزۈم ئارقىلىق ئۆزىمىزنى چۈشۈرمەكچى ياكى تۆۋەن كۆرمەكچى ئەمەس.

بىز، ئۆزىمىزنى يېتەكچىلىك شاراپىتىگە كۆتۈرىدىغان ئىقتىدار ۋە سالاھىيەتلەرگە ئىگە. ئەگەر بىز بۇ ئىقتىدارلانى دىنىمىز بۇيرۇغاندەك ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىپ، قۇرۇق سۆز

www.munber.org

قىلىشتىن ئەمەل قىلىشقا، تەسىرلىنىشتىن ھەرىكەتلىنىشكە، قۇرۇق جېدەل قىلىشتىن رىئاللىققا، دورىمۇچىلىقتىن ئىجادىيەتكە، غەربلىشىشتىن ئەنئەنىۋىلىككە ۋە ئىجادىيەتكە ئاتلانساق يېتەكچىلىك ۋە ئۇستازلىق ماقامىغا يېتەلەيمىز.

بىزدە، ماددى، ئىنسانى، تارىخى ۋە روھى كۈچ ـ قۇۋۋەت تولۇق بار، ئەگەر بىز يۆنىلىشىمىزنى بەلگىلەپ، نىيەتنى خالىس قىلىپ، تەييارلىقنى پۇختىلاپ، سەپنى بىرلەشتۈرۈپ، ئاللاھقا تەۋەككۈل قىلىپ، ئۆتمۈشنىڭ خاتالىقى، ھازىرنىڭ ئەيىپ نوقسانىدىن ئىبرەت ئېلىپ ۋە باشقىلارنىڭ تەجرىبىسىدىن پايدىلىنىپ قەدەم باسساق دېگەن مەنزىلگە يېتەلەيمىز. بىراق بىز ئۆزىمىزنى راۋۇرۇس تۈزلىشىمىز لازىم بولىدۇ.

بۇ يۆنىلىشنى؛ ئىسلام دىنىنى، تارىخىنى، مەدەنىيىتىنى، مائارىپىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلمىغان، باشقىلارنىڭ ئاللاھدىلكىنى بىلمىگەن، بىزنىڭ (مۇسۇلمانلار) قېشىمىزدىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى تىكەنسىز گۈل، باشقىلارنىڭ قېشىدىكىنى گۈلسىز تىكەن سانايدىغان، ھېسسىياتچان بەزى ئىسلامى تەشۋىقاتچىلار تەمسىل قىلىدۇ. بۇلارنىڭ قەلبى پاك بولسىمۇ، چۈشەنچىسى يۈزەكى بولۇپ قالغان كىشىلەردۇر.

بەشىنچى: تار كاتىگورىيەگە كىرگۈزۈۋېلىپ قويۇش يۆنىلىشى:

بۇ يۆنىلىش ئىسلام دىنىنى ئەقىدە بىلەن ئىبادەتكىلا باغلاپ قويۇشنى ئىراده قىلىدۇ.

بۇلار ئىسلام دىنىنىڭ جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈممەت قۇرۇپ چىقىش، ئالەمنى ھىدايەت قىلىش، ھاياتنى

www.munber.org

يېڭىلاشتىن ئىبارەت تەرەپلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

ئىلگىرى زامانلاردا بەزى بىر مۇسۇلمانلار بىدئەت (شەرىئەتتە ئەسلى يوق چەكلىنىدىغان ئىش) يېڭىلىقىنى قوللانغان بولسا، بۇ يېڭىلىقچىلار، ئىسلام دىنىنىڭ جەۋھىرىدىن بولغان پىرىنسىپلارنى ئىسلام دىنىدىن چىقىرىۋېتىش ئارقىلىق ئىسلام دىنىنى كېمەيتىش، قىسقارتىش ۋە تار كاتېگورىيەگە كىرگۈزۈش يېڭىلىقىنى قوللانماقتا.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿بۈگۈن سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى پۈتۈن قىلدىم، سىلەرگە نېمىتىمنى تاماملىدىم، ئىسلام دىنىنى سىلەرنىڭ دىنىڭلار بولۇشىغا تاللىدىم﴾ دەيدۇ. [سۈرە مائىدە 3 ـ ئايەت]

بىر پۈتۈن نەرسە قوشۇپ قويۇش ياكى كېمەيتىۋېتىشنى قوبۇل قىلمايدۇ.

بۇ يېڭىلىق ئىسلام دىنىنى: شەرىئەتسىز ئەقىدە، دۆلەتسىز دەۋەت، جىھادسىز تىنىچلىق، كۈچ ـ قۇۋۋەتسىز ھەقىقەت، ئىقتىسادسىز ئىبادەت، تالاقسىز نىكاھ، دۇنياسىز دىن قىلىشنى مەقسەت قىلىدۇ.

بۇ يېڭىلىق ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاپ، ئۇنى «ئىسلام نامىنى كۆتۈرگەن»، «مەزمۇنى خىرىستىئانچە» يېڭى بىر دىنغا ئۆزگەرتىشنى ئىرادە قىلىدۇ.

چۈنكى خىرىستىئان دىنىدا قانۇن، ئىقتىساد تۈزۈمى، تالاق تۈزۈمى، جىھاد، جازا قانۇنى، دۆلەت ياكى ھۆكۈمەت دېگەن پىرىنسىپلار تېپىلمايدۇ. خىرىستىئانلارنىڭ مۇقەددەس كىتابى

www.munber.org

بولغان ئىنجىل: «قەيسەر (رىم پادىشاھى) گە تەۋەنى قەيسەرگە، ئاللاھقا تەۋەنى ئاللاھقا بەرگىن» دەيدۇ. خرىستىئان دىنى ھايات تەقسىماتىنى قوبۇل قىلدى، خرىستىئان دىنىدا، «دىن چېركاۋنىڭ، دۇنيا ۋە ھايات ئىشلىرى قەيسەرنىڭ ياكى ھۆكۈمەتنىڭ» بولىدۇ( يەنى دىن بىلەن سىياسەت كېلىشەلمەيدۇ).

ئەمما ئىسلام دىنى كائىناتتىكى، ئاسمان - زېمىندىكى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاللاھنىڭدۇر دەپ قارايدۇ.

بۇ يۆنىلىشنى «ئىلمانىلار» (دىن بىلەن سىياسەتنى ئايرىپ قارايدىغانلار) تەمسىل قىلىدۇ. بۇلار ئىسلام دىنىنى قۇرئان كەرىم ئېلىپ چۈشكەندەك، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام تەشۋىق قىلغاندەك، ساھابىلەر ۋە ئۇلارنى كېيىنكى ئىسلام ئالىملىرى چۈشەنگەندەك ھالىتىدە، ئىسلام دىنىنى رەت قىلىدىغانلىقىنى ئوچۇق ئاشكارا ئىلان قىلىشنى خالىمايدۇ. بەلكى بۇلار ئىسلام نامى بىلەن ئىسلام دىنىنى بۇرمىلاشنى قەسلەيدۇ، ئىسلام دىنى بۇلارنىڭ دەۋاسىدىن پاكتۇر.

ئىسلام دىنى: ئەقىدە- شەرىئەت، ئىبادەت -ئىقتىساد، تەشۋىقات- دۆلەت، ھەقىقەت -كۈچ قۇۋۋەت، دىن - دۇنيا، جىھاد - ئىجتىھاد، مائارىپ- مەدەنىيەت رىسالىسىدۇر.

بۇ دىن ئىنساننىڭ بۆشۈكتىكى ۋاقتىدىن تارتىپ تاكى گورغا كىرگىچە بەلكى تۇغۇلۇشتىن ئىلگىرى ۋە ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىنكى ھاياتىغا قەدەر ئىنساننىڭ ھاياتى قانداق بولۇشىدىن قەتئىي نەزەر ئىنساننىڭ ھايات سەپىرىگە ھەمراھ بولىدۇ.

www.munber.org

ئىسلام دىنى ئىنسانىنىڭ بارلىق ساھەسىدە بىللە ھەمراھ بولىدىغان دىندۇر. بۇ دىن ئىنسانغا توغرا يولنى سىزىپ بېرىدۇ، يولىنىڭ كۆرسەتمىلىرىنى بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئۆي، مەسچىت، يول، مەكتەپ، ئېتىزلىق، زاۋۇت- كارخانا، دۇككان، مەھكىمە ۋە ھايات ساھەلىرىنىڭ ھەر بىر ساھەسىدىكى خەتەرلەردىن ئاگاھلاندۇرۇپ تۇرىدۇ.

ئاللاھ تائالا قۇرئان كەرىمنى ھەر قانداق بىر نەرسىنى بايان قىلىپ بېرىدىغان مۇكەممەل شەكىلدە چۈشۈردى. بۇ كىتاب ھەممە نەرسىنىڭ ئىلاھىي تەرىپىدىن چۈشۈرۈلگەن.

ئاللاھ قۇرئان كەرىمدە: ﴿ساڭا بىز كىتابنى (يەنى قۇرئاننى) ھەممە نەرسىنى (يەنى كىشلەر موھتاج بولىدىغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى) چۈشەندۈرۈپ بېرىدىغان، (دىللارغا) ھىدايەت، (بەندىلەرگە) رەھمەت، مۇسۇلمانلارغا مەڭگۈلۈك سائادەت بىلەن خۇش خەۋەر يەتكۈزىدىغان قىلىپ چۈشۈردۇق﴾ دەيدۇ. [سۈرە نەھل 89 ـ ئايەت]

6 ـ جىبدەللىشىش يۆنىلىشى:

بۇ يۆنىلىش ئىسلام دىنىنى، باشقا كىشلەر بىلەن جىبدەللىشىپ، قارشى پىكىردىكى كىشلەر بىلەن ماجرالىشىدىغان ھالىتىدە تەقدىم قىلىدۇ. بۇلار مۇلايىملىق، كەڭچىللىك، سۆھبەتلىشىش ۋە قانائەتلەندۈرۈش ئۇسۇلىغا تايانمايدۇ. مۇسۇلمان بولمىغانلارغا، ئىسلام دىنىغا تولۇق رىئايە قىلىپ كېتەلمىگەنلەرگە بەلكى ئۆزىنىڭ پىكىرگە قوشۇلمىغان ئىخلاسمەن مۇسۇلمانلارغا قارشى ئۇرۇش ئوتى ئاچىدۇ.

www.munber.org

بۇ يۆنىلىشتىكىلەر داۋاملىق باشقىلار بىلەن «ئۇرۇشۇش» ھالىتىدە تۇرىدۇ، ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرىگە دۈشمەن بولمىغان كىشىلەرگىمۇ قىلىچىنى سۇغۇرۇپ تۇرىدۇ. بۇلار دۈشمەن بولمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇرۇش قىلىدۇ. مەيدانسىز (ئورۇنسىز) جىھاد قىلىدۇ.

بۇ يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ چوڭ مۇددىئاسى ئىختىلاپ قوزغاش، شاخچە مەسىلىلەردە جېدەل قىلىش، ئاساسلىق بولمىغان مەسىلىلەرنىڭ ئورنىغا شاخچە مەسىلىلەر بىلەن، جەۋھەرنىڭ ئورنىغا شەكىل بىلەن ۋە بىرلىككە كەلگەن مەسىلىنىڭ ئورنىغا ئىختىلاپ بولىدىغان مەسىلىلەر بىلەن كىشىلەرنى مەشغۇل قىلىشتۇر.

بۇ يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ كىشىلەرگە تەقدىم قىلىۋاتقان ئىسلامى 21 ـ ئەسىرنىڭ تەقەززاسىغا ماس كېلىدىغان ئومۇمي خەلقئارالىق دىن بولۇشقا يارىمايدۇ.

بۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام دىنى داۋاملىق قاپىقى تۇرۇك، چىرايى تۇتۇق، دەۋەت ئىشلىرىدا قوپاللىقتىن باشقىنى تونۇمايدىغان، مۇنازىرە ئىشلىرىدا قاتتىق قوپال ئۇسۇل قوللىنىشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئىسلامدۇر.

بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام دىنى، پىكىرلەرنىڭ بىر قانچە بولۇشىنى تونۇمايدىغان، ئىجتىھادنىڭ خىلمۇخىل بولۇشىنى ئېتىراپ قىلمايدىغان، بىر ـ پىكىردىن باشقىسىنى قوبۇل قىلمايدىغان، بىر پىكىردىن باشقىسىغا قۇلاق سالمايدىغان دەرىجىدە ئۇيۇل تاشتەك (جامىد) مۇزلاپ قالغان ئىسلامدۇر. بۇلار ئۆزلىرىنىڭ پىكىرىنى خاتالىشىش ئېھتىماللىقى بار توغرا

www.munber.org

پىكىر، باشقىلارنىڭ پىكرىنى توغرا بولۇپ قېلىش ئېھتىماللىقى بار خاتا پىكىر دەپ تونۇمايدۇ.

بۇ يۆنىلىشنىڭ نەزرىدە ئىسلام دىنى قانۇندىن باشقىسىنى كۆرمەيدۇ، قانۇن ئېچىدە جىنايى ئىشلار قانۇنىدىن باشقىسىنى كۆرمىگىلى تاس قالىدۇ.

بۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام، ئىسلام پىكىردىكىلەرگە كەڭچىل مۇئامىلە قىلىشنى تونۇمايدۇ، قارشى پىكىردىكىلەر بىلەن سۆھبەت ئۆتكۈزۈشنى قوبۇل قىلمايدۇ، سىياسەتتە قارشى پارتىيىنىڭ ياكى قارشى يۆنىلىشنىڭ بولۇشىغا رۇخسەت قىلمايدۇ.

بۇ يۆنىلىشتىكىلەرنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام، قىز ـئاياللارغا شەك نەزىرى بىلەن قارايدۇ، قىز ـ ئاياللارنى خىزمەت قىلىش پۇرسىتىدىن مەھرۇم قىلىش، قىز ـ ئاياللارنى دەۋەت ۋە ئىجتىمائى ھايات ئىشلىرىغا قاتنىشىشتىن مەھرۇم قىلىش، ئۇلارنىڭ سايلاملاردا ئاۋاز قاتناشتۇرۇش بەلكى ئۇلارنىڭ ئۆز تەبىئىتىگە مۇناسىپ مەنسەپلەرگە ئۆزىنى نامزات كۆرسىتىشىگە چەكلىمە قويۇش ۋە قىز ـ ئاياللارنىڭ ئۆيدە سولۇنۇپ تۇرۇشىغا دەۋەت قىلىدىغان ئىسلامدۇر.

بۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام ئىقتىساد تەقسىم قىلىشتا ئادالەتكە پەرۋا قىلمايدىغان، سىياسەتتە كېڭەش بىلەن ئىش قىلىش پرىنسىپىنى تەكىتلىمەيدىغان، خەلققە ئەركىنلىك ھوقۇقىنى بەرمەيدىغان، چوڭ جىنايەتچىلەرنىڭ قىلغان قىلمىشلىرى ھەققىدە ئۇلارنى سوراققا تارتمايدىغان بەلكى كىشلەرنى پىقھىنىڭ شاخچە مەسىلىلىرىدە، ئىبادەت ۋە



www.munber.org

ئىقتىساتتىكى ئوخشاشمىغان پارچە كۆز قاراشلاردا جىدەل ـ ماجىرا قىلىش بىلەن ئاۋارە قىلىدىغان ئىسلامدۇر.

بۇلارنىڭ نەزىرىدە ئىسلام «ھارام قىلىش كاتىگورىيىسى» نى كېڭەيتىۋەتىدىغان دىندۇر. بۇلار ھايات ئىشلىرىنى بىر بۆلۈك ھارام قىلىنغان ئىشلارنىڭ قاتارىغا كىرگۈزۈۋېتىشكە تاس قالدۇ، بۇلارنىڭ قەلىمى بىلەن تىلىغا «ھارام» دېگەن سۆز ئەڭ يېقىندۇر، بۇلار «يامان بولىدۇ» دېگەندىن باشقىنى بىلمەيدۇ.

نىيىتى خالىس، چۈشەنچىسى يۈزەكى ۋە سەۋىيىسى تۆۋەن بولغان بۇ يۆنىلىشتىكى كىشىلەرنىڭ ئىسلام دىنىنى مۇنداق قارا تىزىملىكتە كىشىلەرگە تەقدىم قىلىشى، ئىسلام دىنىنى «قۇتقۇزۇش» رولىنى ئېلىش سالاھىيىتىدىن مەھرۇم قىلىپ قويىدۇ.

7ـ مەدەنىيەت يۆنىلىشى:

بۇ يۆنىلىشنى؛ ئىسلام دىنىنى ئالاھىدە مەدەنىيەت رىسالىسى، غايىسى خۇداگۇيلۇق، مەزمۇنى ئىنسانپەرۋەرلىك، يۆنىلىشى خەلقئارالىق، پرىنسىپى ئەخلاقلىق، ئۇسۇل- چارىلىرى ئىجابى بولغان رىسالەت دەپ قارايدىغان «ئىجابى تەكپۈك» يول تۇتۇپ ماڭىدىغان يۆنىلىشتىكىلەر تەمسىل قىلىدۇ.

بۇ يۆنىلىش ئۇممەتنى چوڭ جىھاد ئۈچۈن قوزغاشقا جىددى قەدەم باسىدۇ. بۇ جىھاد ئۇممەتنى ئەسلى ماھىيىتىگە قايتۇرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئۇممەت ئۆتمۈشىدىن پايدىلىنىدۇ، بۈگۈنىگە دىققەت قىلىدۇ، ئەتىسىگە ئىنتىلىدۇ. بۇ جىھادنىڭ نىشانى ۋەيران قىلىش ئەمەس قۇرۇپ چىقىش، پارچىلاش ئەمەس



www.munber.org

بىرلەشتۈرۈش، جېدەل قىلىش ئەمەس ئەمەل قىلىش، قۇرۇق مەدھىيە ئەمەس ئەمەلى بىرىش، كۆششىش ياكى پەخىرلىنىش ئەمەس ئىجادىيەت يارىتىشتۇر. بۇ جىھادنىڭ شوئارى: قوپاللىق ئەمەس مېھرىبانلىق، مۇتەئەسسىپلىك ئەمەس كەڭچىللىك قىلىش، جېدەللىشىش ئەمەس ھەمكارلىشىشتۇر.

بۇ يۆنىلىش ئىگىلىرى بىزدە بار قىممەتلەرنى، تۇرغۇزغان مەدەنىيىتىمىزنى ۋە بىزدە تېپىلىدىغان ئىمكانىيەتلەرنى كۈچلۈك شەكىلدە كۆرسىتىدۇ. بىراق بۇ يۆنىلىش ئۆتمۈشتىكى ئېغىر خاتالىقىمىزنى، بۈگۈن كۆرۈنۈۋاتقان توغرا يولدىن چەتنەشلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلىدۇ. بۇ يۆنىلىش دانچىلىك كىچىك نەرسىنى گۈمبەزدەك قىلىپ كۆرسەتمەيدۇ، سەلبىياتلىرىمىزنى (سوبيېكتىپ تەرەپلىرىمىزنى) ئۈمىدسىزلەنگىدەك دەرىجىدە يوغىنىتىۋەتمەيدۇ، بۇ يۆنىلىش - مەسىلىلەرگە ئاددى قاراشنى رەت قىلغاندەك- چوڭايتىپ كۆرسىتىشنىمۇ رەت قىلىدۇ. ھەر بىر نەرسىگە مۇناسىپ ئورۇن تەقدىم قىلىشقا تىرىشىدۇ.

بۇ يۆنىلىشنى جامالىددىن ئافغانىي، مۇھەممەد ئەبدۇ، رەشىد رىزا، ھەسەن بەننا، مۇستەپا سىبائى، ئابدۇلقادىر ئەۋدە، مۇھەممەد غەززالى، سەييىد قۇتۇپ، دوكتۇر/ يۇسۇپ قەرزاۋى، ھىندى قىتئەسىدىن مەۋدۇدى ۋە نۇدەۋى، ئالجىرىيەدىن ئابدۇلھەمىد بادىس، مالىك ئىبنى نەبى، تۈركىيەدىن پروفىسسور نەجمىددىن ئەرباكان، ئۇيغۇرلاردىن ئابدۇقادىر داموللام، ۋاشىنگتۇندىن «خەلقئارالىق ئىسلام پىكرى ئىنستىتۇتى» ئەزالىرى تەمسىل قىلىدۇ.

www.munber.org

ئىسلام دىنى بۇ يۈنىلىشنىڭ نەزىرىدە بىر ئەسىرنىڭ، بىر رايوننىڭ، بىر مەزھەبنىڭ ياكى بىر گۇرۇھنىڭ ئىسلامى ئەمەس. تەلەپ قىلىنىۋاتقان قۇرئان ۋە سۈننەتنىڭ ئىسلامىدۇر. تەسلەشتۈرۈشكە ئەمەس ئاسانلاشتۇرۇشقا، ھۆكۈمتۈشكە ئەمەس خۇش بىشارەت بېرىشكە، قوپال ئۇسۇل ئىشلىتىشكە ئەمەس يۇمشاق ئۇسۇل- چارە ئىشلىتىشكە، قارشىلىشىشقا ئەمەس تونۇشۇشقا، مۇتىئەسسىپلىك قىلىشقا ئەمەس كەڭچىللىك قىلىشقا، بىكىنمىچىلىك ھالەتتە ياشاشقا ئەمەس ئۆزئارا سۆھبەتلىشىشكە، شەكىلگە ئەمەس جەۋھەرگە، جېدەلگە ئەمەس ئەمەلگە، قۇرۇق ئېغىزدا دەۋا قىلىشقا ئەمەس ئەمەلىيەتتە بېرىشكە، دورىمۇچىلىق قىلىشقا ئەمەس ئىجتىھاد قىلىشقا، قاتماللىققا ئەمەس يېڭىلىق يارىتىشقا، لايغەزەللىشىشكە ئەمەس پرىنسىپ بويىچە مېڭىشقا، چېكىدىن ئاشۇرۇۋېتىش ياكى سۇسلۇق قىلىشقا ئەمەس نورمال ۋە تەڭپۇڭ يول تۇتۇشقا چاقىرىدىغان ئىسلامدۇر.

بۇ يۈنىلىشنىڭ نەزىرىدىكى ئىسلام، روھى ماھىيىتى تەۋھىد بولغان ئەقىدە، روھى ئىخلاس بولغان ئىبادەت، روھى پۇختا بولغان ئىش ھەرىكەت، روھى ياخشىلىق بىلەن ئالاھىدە بولغان ئەخلاق، روھى ئادالەت بولغان قانۇن، روھى قېرىنداشلىق بولغان ئالاقە ئۈستىگە تۇرغۇزۇلغاندۇر.

يۇقىرىقى ئىشلارنىڭ نەتىجىسى روھى تەڭپۇڭ ۋە مۇكەممەل بولغان مەدەنىيەتتۇر.

بۇ يۈنىلىش ئىلگىرىكىسى (ئەنئەنەۋى) بىلەن يېڭىسىنى بىرلەشتۈرۈش، ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپ بىلەن ئۆزگىرىپ

www.munber.org

تۇردىغان ئىشلارنى سىلىشتۇرۇش، ئەسلى مىراسقا تايىنىشقا ھېرىس بولۇش بىلەن ھازىرقى دەۋرگە رىئايە قىلىش ۋە كىلەچەككە ئىنتىلىشنى بىرلەشتۇردىغان، چوڭقايتۇۋتىش ياكى ئاددى ساناش، قاتماللىق قىلىش ياكى لايغەزەللىشىش ۋە ئىسلام ھەقىقەتلىرىنى پارچىلاشتىن يىراق بولغان ھالەتتە، كائىناتنىڭ قانۇنىيەت چۈشەنچىسى، شەرىئەتنىڭ مەقسىتىنى چۈشىنىش، سىلىشتۇرما چۈشەنچىسى، ئەۋلەۋىيات (موھىم ئىشلارنى بىرىنچى تەرەپ قىلىش) چۈشەنچىسى، ئەمەلىيەتنىڭ ھەقىقىتىنى چۈشىنىشتىن ئىبارەت چۈشەنچىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان يېڭى چۈشەنچە ئاساسىدا ئىسلا م دىنىنى تەكچۈلۈك ۋە ئومۇمى چۈشىنىش ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە.

بۇ يۈنىلىش دىن ۋە ھاياتنى چۈشىنىشتە نورمال ۋە تەكچۈلۈقنى ئاساس قىلىدۇ. بۇ يۈنىلىشنىڭ باشقا يۈنىلىشلەردىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرى بار، بۇ تۆۋەندىكى پرىنسىپلارنى مەركەز قىلىپ ماڭىدۇ:

1. دىنىنى ئومۇملۇق، تەكچۈلۈق ۋە چوڭقۇرلۇق بىلەن ئالاھىدە چۈشىنىش؛

2. ئۆزىنىڭ ۋە دۈشمەنلىرىنىڭ ھاياتىدىكى رىئاللىقنى چوڭقايتۇۋەتمەي ياكى ئاددى سانىماي چۈشىنىش؛

3. شەرىئەتنىڭ مەقسەتلىرىنى چۈشىنىش ۋە زاھىرى(سىرتقى كۆرىنىشى) غا ئىسىلۋالماسلىق چۈشەنچىسى؛

4. ئەۋلەۋىيات( ئىشلارنىڭ موھىمىنى بىرىنچى تەرەپ قىلىش) چۈشەنچىسى؛

www.munber.org

5. باشقا ئىسلامى جامائەتلەر بىلەن قانداق مۇئامىلە قىلىش چۈشەنچىسى؛ (يەنى بىرلىككە كەلگەن مەسىلىدە ھەمكارلىشىش، بىرلىككە كەلمىگەن مەسىلىدە ھەر بىر تەرەپ ئۆز پىكرىدە قېلىپ قېلىش).

6. سەلەپىيە (ئىلگىرىكى) بىلەن يېڭىلىقنى (ياكى ئەنئەنىۋىلىك بىلەن ھازىرقىنى) بىرلەشتۈرۈش چۈشەنچىسى؛

7. شەرىئەتنىڭ ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپلىرى بىلەن دەۋرنىڭ ئۆزگىرىشچان مەسىللىرنى سىلىشتۇرۇش چۈشەنچىسى؛

8. ئىدىيىۋى، پىسخولوگىيە ۋە ئەخلاقى تەرەپلەردە ئۆزگىرىش ئېلىپ بېرىشنىڭ ھەر قانداق مەدەنىيەتنىڭ ئۆزگىرىش ئاساسى ئىكەنلىكىگە ئىشىنىش چۈشەنچىسى؛

9. ئىسلام ئۇممىتىنى ئويغۇتۇش، ئىنسانىيەتنى ھازىرقى ماددى پەلسەپىلەردىن قۇتقۇزۇش ئۈچۈن ئىسلام دىنىنى مۇكەممەل مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى شەكلىدە تەقدىم قىلىش چۈشەنچىسى؛

10. پەتىۋا ئىشلىرىدا ئاسانلاشتۇرۇش، دەۋەت ئىشلىرىدا خۇش بېشارەت بېرىش پرىنسىپىنى قوللىنىش چۈشەنچىسى؛

11. ئەركىنلىك، ئىززەت- شەرەپ، كېڭەش، ئىجتىمائى ئادالەت ۋە ئىنسان ھوقۇقلىرىغا ئوخشاش ئىسلامدىكى ئىجتىمائى ۋە سىياسى قىممەتلەرنى ئوبرازلاشتۇرۇش چۈشەنچىسى؛

www.munber.org

12. مۇسۇلمان بولمىغانلار، ئەقلى تەرەپتىن ھۇجۇمغا ئۇچرىغانلار ۋە روھى تەرەپتىن مەغلۇپ بولغانلار بىلەن ئىلمى شەكىلدە سۆھبەت ئۆتكۈزۈش چۈشەنچىسى؛

13. جىھادنى مۇسۇلمانلارنىڭ ھۆرمىتى ۋە ئىسلام دىيارلىرىنى مۇداپىئە قىلىش ئۈچۈن پرىنسىپ ۋە يول سۈپىتىدە قوللىنىش چۈشەنچىسىگە ئىگە.

## ئىسلام ئۈممىتىنىڭ مەدەنىيەت رىسالىسى

ئىسلام ئۈممىتىدە ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغىدەك مەدەنىيەت رىسالىسى بارمۇ؟ خرىستىئانلار ۋە يەھۇدىيلار ئىنسانىيەتكە ماددىنىڭ كۆيدۈرۈشى، ئەخلاقسىزلىقنىڭ ئەۋج ئېلىشى ۋە مەنپەئەت توقۇنۇشىنى ئۆچۈرگىدەك ئوت ئۆچۈرۈش ناسوسى ياكى دورا قوتىسىنى تەقدىم قىلىشتىن ئاجىز كەلگەن بولسا، غەرق بولۇپ كېتەي دەپ قالغان ئىنسانىيەتكە ئىسلام دىنى قۇتقۇزغۇچىلىق رولىنى ئالالامدۇ؟ باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا: ئىسلام ئۈممىتىدە يېڭى ئەسىردە ئىنسانىيەتكە تەقدىم قىلغىدەك مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى بارمۇ؟ بەزىلەر بۇ ئەسىرنى: «مەدەنىيەت كۆرەشلىرى» دەپ ئاتىدى، بۇ ئاتالغۇنى ئامېرىكىلىق يازغۇچى «سىموئىل ھانتىنغون» قوللاندى. يەنە بەزىلەر «مەدەنىيەتلەر سۆھبىتى» دەپ ئاتىدى، بۇ ئاتالغۇنى فىرانسىيەلىك مۇسۇلمان مۇتەپەككۇر «روجى گارۇدى» قوللاندى.

جاۋاب: ئىسلام ئۈممىتىدە ئالاھىدە ئىسلام مەدەنىيەت قۇرۇلمىسى بار، بۇ مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنى بىز يۇقىرىدا

www.munber.org

سۆزلەپ ئۆتكەن نورمال، تەڭپۇڭ يول تۇتىدىغان مەدەنىيەت يۆنىلىشى ئاساس قىلىپ ماڭىدۇ.

ئىسلام ئۈممىتىنىڭ ئالاھىدە مەدەنىيەت رىسالىسىگە ئىگە ئىكەنلىكىدە شەك يوق، بۇ مەدەنىيەت ئومۇمى قۇرۇلمىدۇر.ئۇ ئىنسان نەپسىنى ئىسلاھ قىلىش بىلەن باشلىنىپ، ئائىلىنى بەختلىك قىلىش، جەمئىيەتنى ئىسلاھ قىلىش، ئۈممەتنى يېتىشتۈرۈپ چىقىش، دۆلەتنى قۇرۇپ چىقىش بىلەن ئۆتۈپ، ئالەمنىڭ تىنچلىقى بىلەن ئاخىرلىشىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «مەن توغرا يولغا باشلىغۇچى رەھمەتتۇرمەن» دېگەنىدى.

ئىسلام ئۈممىتىدە ئالاھىدە مەدەنىيەت رىسالىسى بار، ئۇ مەدەنىيەتنى ئالەمگە- بولۇپمۇ؛ ئاتوم، ئالەم بوشلۇقى، ئېلېكترونلۇق سايمانلار، ئىنژىنېرلىق، ئالاقىلىشىش ۋە ئۇچۇر دۇنياسىدا زور ئىلمى ئىنقىلاپ قوزغاپ چىققالىغان غەرب دۇنياسىغا- ئۆز ماھىيىتى بىلەن ياخشى تەقدىم قىلالايدىغان ئادەم تېپىلىپ قالسا، تەقدىم قىلىش سالاھىيىتىگە ئىگە.

بۇ مەدەنىيەت غەرب ئەللىرىگە ئىمان تەقدىم قىلالايدۇ، ئىلىم - پەن، مائارىپقا قارشى چىقمايدۇ، دىننى بېرىدۇ، دۇنيانى ھارام قىلمايدۇ، ئۇلارنى ئاسمانغا تۇتاشتۇرىدۇ، زېمىننى گۈللەندۈرۈشتىن چەكلىمەيدۇ، ۋەھيى نۇرىنى بېرىدۇ، ئەقىل نۇرىدىن مەھرۇم قىلمايدۇ، ياراتقۇچى بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كۈچلاندۇرىدۇ، مەخلۇقلار بىلەن بولغان ئالاقىسىنى ئۈزۈپ قويمايدۇ.

www.munber.org

## ئىسلام مەدەنىيەت قۇرۇلمىسىنىڭ قىممەتلىرى:

بۇ مەدەنىيەت رىسالىسىنىڭ ئالاھىدىلىكلىرى تۆۋەندىكىچە:

1. ئىنسان تەبىئىتىگە ماس كېلىدىغان ئەقىدە رىسالىسى؛
2. گۈللەندۈرۈشكە ئىنتىلىدىغان ئىبادەت رىسالىسى؛
3. ۋەھيى نۇرى بىلەن ھىدايەت تاپىدىغان ئەقىل رىسالىسى؛
4. ئىمان بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغان ئىلىم - پەن رىسالىسى؛
5. ئەمەل( ئىش-ھەرىكەت) بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەن ئىمان رىسالىسى؛
6. تەشۋىقات بىلەن چىڭىتىشلىق بولغان ئىش - ھەرىكەت رىسالىسى؛
7. ئاخىرەت ئۈچۈن تەييارلىق بولغان دۇنيا رىسالىسى؛
8. روھ بىلەن تەمىنلەنگەن بەدەن رىسالىسى؛
9. ھەقىقەتنى مۇداپىئە قىلىدىغان كۈچ-قۇۋۋەت رىسالىسى؛
10. ياخشى ئىنسانغا ياخشى مال -دۇنيا رىسالىسى؛
11. مەجبۇرىيەتلەر بىلەن تەڭپۇڭلاشتۇرۇلغان ھەق-ھوقۇقلار رىسالىسى؛
12. پەزىلەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان ئەركىنلىك رىسالىسى؛
13. ئىنساننى يۇقىرى شەرەپكە ئىگە قىلىدىغان ئەخلاق رىسالىسى؛

www.munber.org

14. شەخسلەرگە چېكىدىن ئاشمايدىغان ۋە زۇلۇم قىلمايدىغان جەمئىيەت رىسالىسى؛

15. ئائىلە ۋە جەمئىيەت بولۇپ شەكىللىنىدىغان شەخسلەر رىسالىسى؛

16. ئالەمگە قارىتا دەرۋازىسى ئوچۇق ئۇممەت رىسالىسى؛

17. دىننى بەربا قىلىدىغان دۆلەت رىسالىسى؛

18. مەنپەئەتلەرنى ئەمەلىلەشتۈرىدىغان قانۇن رىسالىسى؛

19. ئېھسان (يا خىشلىق) بىلەن كۆچلاندۇرۇلغان ئادالەت رىسالىسى؛

20. ئەخلاقى قىممەتلەرگە ئېسىلغان گۈزەل سەنئەت رىسالىسىدىن ئىبارەت.

مەدەنىيەت رىسالىمىزنىڭ خۇسۇسىيەتلىرى:

مەدەنىيىتىمىزنىڭ كۆرسىتىپ بېرىدىغان قىممەتلىرى بولغان بولسا، شۇنداقلا باشقا مەدەنىيەتلەردىن ئايرىپ تۇرىدىغان خۇسۇسىيەتلىرىنىڭ بارلىقىدا شەك يوق.

بۇ خۇسۇسىيەتلەر: خۇدا كويلۇق، ئىنسانپەرۋەرلىك، ئومۇمىيلىق، تەڭپۇڭلۇق، رېئاللىق ۋە مۇقىملىق بىلەن يىمشاقلىقنى بىرلەشتۈرۈشتىن ئىبارەت.

تۆۋەندە نورمال، تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇكەممەللىك خۇسۇسىيىتى ھەققىدە بىر ئاز توختۇلىمىز:

www.munber.org

## نورماللىق ۋە تەڭپۇڭلۇق رىسالىسى

بۇ رىسالە ئىنسانىيەتكە تەڭپۇڭلۇق ۋە مۇكەممەللىك بىلەن ئالاھىدە بولغان پرىنسىپىنى تەقدىم قىلىشتا يەككە يىگانە بىردىن- بىر رىسالىدۇر. تەڭپۇڭلۇقتىن مەقسەت: ئاشۇرۋەتمەسلىك ۋە كەمەيتىپ قويماسلىقتۇر. بۇ ئىككى خىل ئاپەتتىن ئىنسانلار تۈزۈپ چىققان پرىنسىپلار ياكى بۇرۇلۇش پەيدا بولغان دىنلار ساغلام بولالمىدى. تەڭپۇڭلۇق قۇرئان كەرىمدە " توغرا يول" دەپ ئىپادىلەنگەن.

بۇ تەڭپۇڭلۇق پرىنسىپىدا، كۆپلىگەن كىشلەر بىر نۇقتىغا كېلىشى تەس دەپ ئويلاپ يۈرگەن ھەم كىشلەرنىڭ كاللىسىدا زىت تۇيۇلغان ئىشلار ئۇچرىشالايدۇ. بۇ ئىشلارنىڭ ھەر بىرىسى زىددىگە چېكىدىن ئاشماستىن ياكى كەمەيتىپ قويماستىن مۇناسىپ ئورۇن ئالىدۇ.

تەڭپۇڭلۇق پرىنسىپى تۆۋەندىكى ئىشلاردا ئادىل مىزاننى قويىدۇ:

خۇداگۇيلۇق بىلەن ئىنسانپەرۋەرلىك ئارىسىدا؛

ۋەھيى بىلەن ئەقىل ئارىسىدا؛

روھ بىلەن ماددا ئارىسىدا؛

ئاخىرەت بىلەن دۇنيا ئارىسىدا؛

نەمۇنە بىلەن رىئاللىق ئارىسىدا؛

ئۆتمۈش بىلەن كەلەچەك ئارىسىدا؛

مەسئۇلىيەت بىلەن ئەركىنلىك ئارىسىدا؛

www.munber.org

سۈننەتكە ئەگىشىش بىلەن بىدئەت (شەرىئەتتە ئەسلى يوق ئىشلار) پەيدا قىلىش ئارىسىدا؛

مەجبۇرىيەتلەر بىلەن ھەق ـ ھوقۇقلار ئارىسىدا؛

ئۆزگەرمەيدىغان پرىنسىپلار بىلەن ئۆزگىرىدىغان ئىشلار ئارىسىدا.

تەڭپۇڭلۇق ۋە نورماللىق بىلەن ئىسلام ئۇممىتى باشقا ئۇممەتلەردىن ئالاھىدە ئورۇندا تۇرىدۇ، بۇ ئالاھىدىلىك ئىسلام ئۇممىتىنى ئۇستازلىق مەرتىۋىسىگە كۆتۈرىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئىسلام ئۇممىتىنى مۇنداق سۈپەتلىگەن: «شۇنىڭدەك (يەنى سىلەرنى ئىسلامغا ھىدايەت قىلغاندەك) كىشىلەرگە شاھىت بولۇشۇڭلار ئۈچۈن ۋە پەيغەمبەرنىڭ سىلەرگە شاھىت بولۇشى ئۈچۈن بىز سىلەرنى ياخشى ئۇممەت قىلدۇق »( سۈرە بەقەرە- 143- ئايەت).

بۇ تەڭپۇڭلۇق مۇسۇلمانلارنىڭ شەخسى ھاياتى، ئائىلە ھاياتى، جەمئىيەت ۋە دۆلەت ھاياتىدا كۆرۈنىدۇ. تەسىرى ئىسلام مەدەنىيەت يۈنىلىشى ۋە تەڭپۇڭلۇقىدا ئوچۇق ئاشكارا زاھىر بولدى.

## مۇكەممەللىك رىسالىسى

مۇكەممەللىكتىن مەقسەت: ئىنساننىڭ زېمىننى گۈللەندۈرۈش، ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشتىن ئىبارەت ۋەزىپىسىنى تولۇق ئادا قىلىشى ئۈچۈن، بەزىسى يەنە

www.munber.org

بەزىسىنى تولۇقلايدىغان، بىرسى يەنە بىرسىدىن بىھاجەت بولالمايدىغان ئىشلارنىڭ بىركىشىدۇر.

مىسالى:

ئىلىم - ئىمان؛

ھەقىقەت -كۈچ قۇۋۋەت؛

ئەقىدە - ئەمەل؛

دەۋەت- دۆلەت؛

تەربىيە- قانۇن؛

ئىمان تۇرۇتكىسى- ھوقۇق تۇرۇتكىسى؛

ماددى ئىجادىيەت- ئەخلاقى ئۇستۇنلۇك؛

## ھەربى كۈچ- مەنىۋى روھ

ئىسلام نەزرىدە ۋە ئەمەلىيەتتە ئىلىم - پەن ئىمانغا زىت نەرسە ئەمەس، ھەقىقەت كۈچ- قۇۋۋەتكە، ئەقىدە ئەمەلگە، تەربىيە قانۇنغا زىت كېلىدىغان ئىشلارئەمەس. بەلكى ھەر بىرىسى يەنە بىرسىنى تولۇقلايدىغان مەنىلەردىن ئىبارەت.

ئىنسانلار ئۆزى پەيدا قىلغان نىزام- پىرىنسىپلارنىڭ ئەيىبى، بىر تەرەپكە كۆۋۈل بۆلۈپ يەنە بىر تەرەپنى تاشلاپ قويىدۇ. بەزى ئەخلاقى قىممەتلەرگە مەركەزلەشتۈرۈپ يەنە بەزىسىنى تاشلايدۇ، قورساقنى تويغۇزۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ، ئەقىلنى قانائەتلەندۇرۇشكە بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ، ئەقىلنى ماددى ئىلىم بىلەن تويغۇزۇشقا كۆۋۈل بۆلىدۇ، بىراق

www.munber.org

قەلب ۋە روھلارنى ئىمان شەربىتى بىلەن قاندۇرۇشقا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ. شەھەرلەر ئارىسىدىكى قاتناش ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرىدۇ، كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائى ۋە پىسخولوگىيە ئالاقىسىغا كۆڭۈل بۆلمەيدۇ، ئۇنىڭدىنمۇ ئېغىرراقى ئىنسان بىلەن ياراتقۇچى ئارىسىدىكى ئالاقىگە دىققەت نەزىرى بىلەن قاراپ قويمايدۇ.

ئىسلام دىنى بولسا ئىنساننىڭ: جىسمى، ئەقلى ۋە روھى ئېھتىياجلىرىنى قاندۇرۇشقا ئەھمىيەت بېرىدۇ. ئىنساننىڭ مەيلى ئۇ يەككە شەخس بولسۇن، ئائىللىك بولسۇن ياكى دۆلەتتىكى ۋەتەنداش بولسۇن بارلىق ئەھۋاللىرىدا ئىنسانغا كۆڭۈل بۆلىدۇ.

شۇنداقلا ئىسلام دىنى پەزىلەتلىك جەمئىيەت، بىر ئۈممەت ۋە ياخشى دۆلەت قۇرۇپ چىقىشقا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىدۇ.

## ئىسلامدىكى ئىلىم - پەن ۋە ئىماننىڭ مۇكەممەللىشىشى

ئىسلام دىنىدا ئىلىم- پەن بىلەن ئىماننىڭ يانمۇ -يان تۈرىشى مۇكەممەللىك كۆرۈنۈشلىرىنىڭ قاتارىدىندۇر. ئىسلام جەمئىيىتىدە باشقا جەمئىيەتلەردىكىدەك ئىلىم -پەن بىلەن دىن ئارىسىدا تالاش - تارتىش ياكى كېلىشەلمەسلىك ھالىتى يۈز بەرمىدى. ياۋروپا جەمئىيەتلىرىدە مىڭلىغان بىلىم ۋە ئەقىل ئىگىلىرى ۋە ئۆلىمالارنىڭ يولىغا ئەگەشكەنلەر چىركاۋنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كەتتى. ئوتتۇرا ئەسىردىكى ياۋروپانىڭ تارىخى قورقۇنۇشلۇق ئىنسانى قۇشخانا بىلەن توشۇپ كەتكەن.



www.munber.org

تەپتىش مەھكىمىلىرىنىڭ بىسىمى ئاستىدا ئالىملار ۋە ئەقىل ئىگىلىرى تەپتىش مەھكىمىسىدە جازالاندى.

بىز مۇسۇلمانلارغا كەلسەك، بىزنىڭ دىنىمىز -بەزى بىر ئىسلام دىنىنى تولۇق چۈشەنمەيدىغان نادان ۋە جاھالەت كۈچلىرى خىيال قىلغاندەك- ئىلىم -پەن ۋە تەرەققىياتقا تەشۋىق قىلىش بىلەن ئىچى سىقىلىپ قالمايدۇ.

ئىسلام دىنى ئىلمى تەرەققىياتنى ۋە ئىلمى تەرەققىياتنىڭ ھاياتتىكى پايدىلىق مۇۋپللىرىنى ئىبادەتنىڭ قاتارىدىن دەپ ئېتىبارغا ئالىدۇ. ئىلىم- پەن تەرەققىياتى ئىسلام دىنىدا پەرز ئىشلارنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ. ئەگەر بىر جەمئىيەتتىن يېتەرلىك ساندىكى ئادەملەر جەمئىيەت تەقەززا قىلىۋاتقان بۇ پەرزنى ئادا قىلمىسا ئۇ چاغدا جەمئىيەت ئومۇمىيۈزلۈك گۇناھكار ھېسابلىنىدۇ.

ئىسلام دىنى ئەقىلنى ھۆرمەتلەش، ئەقىلنى تەپەككۇر يۈرگۈزۈش ۋە ئىزدىنىشكە دەۋەت قىلىش، ئىلىم - پەنگە قىزىقتۇرۇش، ئالىملار ۋە ئەقىل ئىگىلىرىنى ئالى دەرىجىدە ھۆرمەتلەش، ساۋاتسىزلىق ۋە قاتماللىققا ئۇرۇش ئېچىش، يېزىقچىلىق، قەلەمكەشلىك ۋە بىلىم ئىگەللەش ئىشلىرىنى مەدھىيىلەش بىلەن باشقا دىنلاردىن ئالاھىدە پەرق ئېتىپ تۇرىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ئىلىم -پەن ئىمان ساھەسى ۋە ئىمان نۇرى مەيداندا تۇرىدۇ. بىرىنچى بولۇپ چۈشكەن ئايەت: ﴿ياراتقان پەرۋەردىگارىڭنىڭ ئىسمى بىلەن ئوقۇغىن﴾ دەپ نىدا قىلىدۇ. ئوقۇش ئىلىم پەننىڭ ئاچقۇچى، بىراق بۇ ئوقۇش ئاللاھنىڭ

www.munber.org

ئىسمى بىلەن ئوقۇۋشتۇر. بۇ ئارقىلىق ئىلىم - پەن كىشىلەر ئۈچۈن ياخشىلىق ۋە بەرىكەت بولىدۇ.

ئىسلام دىنىدا باشقا دىنلاردا دېيىلگەن: «ئىشەنگىن ئاندىن بىلگىن! ياكى كۆزۈڭنى يۇمۇپ ئاندىن ماڭا ئەگەشكىن! تەقۋا بولغىن ياكى نادان بولغىن!» دېگەندەك بۇنداق پرىنسىپلار ئىسلامدا دېيىلگەن ئەمەس. بەلكى ئىسلام ئالىملىرىنىڭ قاتارىدىن سانىلىدۇ دەپ دېيىلگەن (يەنى بارماقتا سانىلىدىغان ئالىملار): دوراپ ئىشەنگەن كىشىنىڭ ئىمانى قوبۇل قىلىنمايدۇ، ئەقىل مۇقەددەس تېكىستنىڭ (ئايەت ۋە ھەدىس) نىڭ ئاساسىدۇر. ئاتىزىمچىلارغا قارشى ئەقىل بىلەن ئاللاھنىڭ بارلىقى ئىسپاتلانغان. ۋەھيىنىڭ چۈشۈشى ۋە مۇمكىن بولۇشى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەڭ ئاخىرقى پەيغەمبەر ئىكەنلىكى ۋە قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزىسى ئەقىل بىلەن ئىسپاتلانغان دەپ قارار قىلىشقان.

قۇرئان كەرىمنىڭ باتىل ئېتىقادتىكى مۇشرىكلاردىن: «ئەگەر سىلەر (سۆزۈڭلاردا) راستچىل بولساڭلار، دەلىلىڭلارنى كەلتۈرۈڭلار» دېيىشى ئەجەبلىنەرلىك ئەمەس!

ئوتتۇرا ئەسىرلەر بويى غەرب چېركاۋلىرىنىڭ تارىخىدا: ئەقىل ۋەھيىگە قارشى، ئىلىم- پەن دىنىنىڭ دۈشمىنى، پىكىر (تەپەككۇر قىلىش) ئىمانىنىڭ دۈشمىنى، شەرىئەت ھىكمەتنىڭ زىددى دەيدىغان سۆزلەر تارقالغان.

ئەمما ئىسلام دىنىدا بۇنداق مۇشكۇللەر تونۇلۇپ باقمىدى، ئىسلامنىڭ نەزىرىدە ئەقىل بىلەن ئىلاھىي ۋەھيى قارشىلاشمايدۇ. شۇ سەۋەپتىن ئىلاھىي ۋەھيى ئەقىلنىڭ شان-

www.munber.org

شەرىپىنى كۆتۈردى، ئەقىل بىلەن پايدىلىنىشقا قىزىقتۇرغانلىقىنى كۆرەلەيمىز.ئەقىل بولسا ۋەھىينىڭ راستلىقىغا دەلىلدۇر، ئۇ ۋەھيىنى چۈشىنىشتىكى ۋاستىدۇر.

شۇڭلاشقا ئىسلام ئالىملىرى: مۇقەددەس تېكىستنىڭ سەھىپىسى (توغرىسى)بىلەن ئەقلى نەرسىنىڭ ئېنىق ئىسپاتلانغىنى ھەرگىز قارشىلىشىپ قالمايدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ زىتلىشىدۇ دەپ خىيال قىلىپ قالغىنى، ئۇ ئەقلىدىكى نەرسىنى ياكى دىندىكى نەرسىنى خاتا چۈشىنىپ قېلىشتۇر دەپ قارار قىلىشقان.

قۇرئان كەرىمنىڭ چۈشكەنلىكىگە ئون تۆت ئەسىر ئۆتتى، بۇ مەزگىللەردە كۆپلىگەن مەرىپەتلەر ۋە پىكىرلەر پەيدا بولدى. شۇنداق تۇرۇقلۇق قۇرئاننىڭ ئايىتىدىن بىرەر ئايەت كەسكىن ئىسپاتلانغان ئىلمى ھەقىقەتكە قارشى كېلىپ قالمىدى. مانا بۇ قۇرئان كەرىمنىڭ مۆجىزە دەلىللىرىنىڭ بىرسىدۇر.

ئىسلام دىنى قۇرئان كەرىمنىڭ تەلىماتلىرى بىلەن خۇراپاتنى ئىنكار قىلىدىغان، قۇرۇق گۇمان ۋە ھاۋايى ھەۋەسكە ئەگىشىشنى رەت قىلىدىغان، دورىمۇچىلىق قىلىشقا ۋە باشقىلارغا تەۋە بولۇپ ياشاشنى ئەيىپ دەپ بىلىدىغان، ئەقلى نەرسىلەردە پاكىتقا ھۆرمەت قىلىدىغان، مۇقەددەس تېكىستلەردە ساغلام ياكى ساغلام ئەمەسلىكىگە دىققەت قىلىدىغان،(ئايەت بۇنىڭ سىرتىدا) ماددى نەرسىلەردە مۇلاھىزە ۋە تەجرىبىگە تايىنىدىغان، ئەقىلنى ئىنسانغا بېرىلگەن ئەڭ چوڭ نېئمەت دەپ قارايدىغان ۋە كائىناتتىكى نەرسىلەردىن مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن پىكىر يۈرگۈزىدىغان، تارىخ



www.munber.org

سەھىپىسىدىن پايدىلىنىدىغان ئىلمى ئەقىلنى يىتۈشتۈرۈپ چىقىدۇ.

## مەدەنىيەتسىز ئىلىم ۋە ئىمان مەدەنىيىتىدۇر

مۇشۇ قىممەت ۋە چۈشەنچىلەر ئاساسىدا، مۇكەممەللەشكەن ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ مەيدانىدا بۈيۈك ئىلمى ئويغۇنۇش تەسىس قىلىندى. مۇسۇلمانلار ئەۋۋەلقىلەرنىڭ - خۇسۇسەن پەلسەپىدە چامى ئۈزۈن گىرىتسىيەلىكلەرنىڭ- كىتابىنى تەرجىمە قىلدى.بۇ پەلسەپە مىتافىزىكا بىلەن بىرلىكتە ئىلىم -پەن، ماتىماتىكا قىسىمى ۋە تەبئى پەن تەرەپلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالاتتى.

مۇسۇلمانلار بۇ ئىلىمدىن پايدىلاندى، ئۇنى شەرھىيلەپ سۈزۈپ خۇلاسىلىدى ۋە موھىم ئىلمى ئىزاھاتلاردا بولدى، بەلكى ئالگىبراغا ئوخشاش يېڭى ئىلىملەرنى ئىجات قىلدى. تەكشۈرۈش ۋە تەجرىبە قىلىش پىرىنسىپىنى كەشىپ قىلىپ چىقتى. غەرب ئەللىرى بۇ ئىلىملەردىن پايدىلاندى، ھازىرقى يېڭى غەرب ئويغۇنۇشى شۇ ئىلىملەرنىڭ ئاساسىدا بارلىققا كەلدى. مانا بۇ ئىسلام مەدەنىيىتىنىڭ گۈزەللىكىدۇر.

ئىسلام مەدەنىيىتى ئالەمدە- ياۋروپا ئەللىرى قاراڭغۇلۇق دۇنياسىدا غەرىق بولۇپ كەتكەن كۈنلەردە- بىر قانچە ئەسىر دەۋر سۈرگەن يەككە -يىگانە مەدەنىيەت ئىدى.

www.munber.org

مۇسۇلمانلارنىڭ باغداد، قاھىرە، دەمەشىق، قۇرتىبە، ئىسپانىيە ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئورۇنلاردىكى ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئىلىم پەننىڭ ئالەمدىكى مەشھۇر ئۇنىۋېرسىتېتلىرى ئىدى.

ئوقۇغۇچىلار دۇنيانىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن بۇ ئۇنىۋېرسىتېتلارغا ئىلىم ئۆگىنىش، سەۋىيىسىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن كېلەتتى.

ئالەمدىكى مەدەنىيەتسىنا، دورىگەرلىك، ئاسترونومىيە، فىزىكا، خىمىيە، ماتىماتىكا، جۇغراپىيە پەنلىرىدىكى ئىلمى مەرجەلەر (مەنبەلەر) ئىسلامى مەنبەلەر ئىدى.

مەدەنىيەتسىنانى مىسال تەرىقىسىدە ئالىدىغان بولساق، پەخرۇررازىنىڭ «ھاۋى» ناملىق ئەسىرى، ئىبنى سىنانىڭ «قانۇن» ناملىق كىتابى، ئىبنى رۇشدىنىڭ «كۇللىيات» ناملىق ئەسەرلىرى ئالەمگە بىر قانچە ئەسىر مەنبە بولۇپ كەلگەن ئىدى.

شۇ ئەسىرلەردە، خاۋارىزمى، بەيرۇنى، ئىبنى ھەيسەم، ئىبنى نەفىس، ئىبنى بەيتار ۋە ئۇنىڭدىن باشقا مۇسۇلمان ئالىملىرىنىڭ ئىسىملىرى چاقناپ تۇرىدىغان ئىسىملار ئىدى.

كىندى، فارابى، غەززالى، ئىبنى باجە، ئىبنى تۇفەيل، ئىبنى مىسكوۋىيە، ئىبنى ئەرەبى، ئىبنى تەيمىيە، ئىبنى خەلدۇن ۋە ئۇلاردىن باشقىلار پەلسەپە، بىئولوگىيە، ئىجتىمائى پەنلەردىن سىرت، دىن ۋە شەرىئەت ئىلىملىرىدا ئالاھىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئىدى. شۇنداقلا ئىبنى رۇشدى، پەخرۇررازى، ئىبنى نەفىس ۋە ئۇلاردىن باشقىلار تەبئى پەن ۋە ماتىماتىكا ساھەسىدە كۆزگە كۆرۈنگەن ئالىملار ئىدى.



www.munber.org

ئەرەب تىلى ئالەمدىكى بىرىنچى ئىلىم - پەن تىلى ئىدى. بۇ تىل تەرجىمە قىلىنغان ۋە ئىجات قىلىنغان ئىلىملارنىڭ ھەممىسىنى بېيىتتى.

ئىسلام ئەللىرى، مۇسۇلمانلارنىڭ شەھەرلىرى بۇ بۈيۈك ئويغۇنۇشنى قوينىغا ئالغان ئىدى. بۇ ئىلىملارنىڭ تەسىرى، مەسچىت، مەدرىس، مەكتەپ، قەسىر، قەلئە، دوختۇرخانا ۋە ھاياتنىڭ ھەر تۈرلۈك ساھەلىرىدە كۆرۈنگەن ئىدى.

شۇنداقلا بۇ ئىلىملارنىڭ مەنىۋى تەسىرى مۇسۇلمانلارنىڭ پەرۋەردىگارى بىلەن بولغان ئالاقىسى، ئىبادەتلىرى، ئىنسانپەرۋەرلىكى ۋە ئۆنىگدىن باشقا ئىشلىرىدا كۆرۈنگەن.

«غوستاف لوبۇن» مۇنداق دەيدۇ: «تارىخ مۇسۇلمانلاردىنمۇ ئادىل ۋە رەھىمدىل بولغان ئازات قىلغۇچىلارنى تونۇپ باقمىدى».

مۇسۇلمانلارنىڭ مەدەنىيىتى خۇداگۇيلۇق مەدەنىيەت ئىدى، ھەر بىر نەرسە ئاللاھنى ئەسلەش بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى.

ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئىنسانلارنىڭ ياخشىلىقى، ئىنسانلارنىڭ بەختى ۋە شان - شەرىپى ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، شۇنداقلا ئىنساننىڭ ھۆرمىتى، تەبىئىيىتى ۋە ئەركىنلىكىگە ئەھمىيەت بېرىدىغان ئىنسانپەرۋەر مەدەنىيەت ئىدى.

ئۇلارنىڭ مەدەنىيىتى ئىلىم -پەن، ئىقتىساد، سىياسەت ۋە ئۇرۇش ئەخلاقتىن ئايرىلمايدىغان ئەخلاقى مەدەنىيەت ئىدى.

www.munber.org

ئاشۇ قەدىمى مەدەنىيەتنى يارىتقان ئىسلام ئۈممىتى، غەرب مەدەنىيىتىدىكى ئىلىم - پەن، تېخنىكا، ئىدارە باشقۇرۇش ۋە تەشكىللەشكە ئوخشاش ياخشىلىق تەرەپلىرىدىن پايدىلىنىپ يەنە يېڭىدىن مەدەنىيەت يارىتىشقا ئەلۋەتتە قادىر بولالايدۇ.

بىراق ئىسلام مەدەنىيىتى غەرب مەدەنىيىتىگە ئىمان، ئەخلاق ۋە ئىنسانپەرۋەرلىك قىممەتلىرىنى قوشىدۇ، ئىلاھىي قانۇنلار بىلەن يولىنى تۈزلەپ تۇرىدۇ. ئىسلام دىنى ئۇ ئىلىملارنىڭ ئەسلى قائىدىلىرىنى ئوتتۇرغا قويىدۇ. تەپسىلات ۋە شاخچە مەسىلىلەردە ئىجتىھات قىلىش ئىشلىرىنى زامان، ماكان ۋە شارائىتنىڭ ئۆزگىرىشىگە رىئايە قىلغانلىقتىن ئىنسانلارنىڭ ئەقلىگە قالدۇرۇپ قويىدۇ.

بۇ ئارقىلىق ئىسلام مەدەنىيىتىمىز، ماددا بىلەن روھ بىرلەشكەن، دۇنيا بىلەن ئاخىرەت تۇتاشقان، تەرەققىيات بىلەن ئەخلاق باغلاشقان، ئىلىم - پەن بىلەن ئىمان بىر نۇقتىغا كەلگەن ۋاقىتتا، ھازىرقى زامان مەدەنىيىتىنى تولۇقلايدۇ، بوش يەرلىرىنى ئىتتىدۇ.

ئىسلام دىنىدىكى ئىمان ۋۇجۇدىيەتنى ئىزاھلاپ بېرىدۇ. ئىنساننى ۋۇجۇدىيەت (كائىنات) بىلەن باغلايدۇ. ئىنساننىڭ ھاياتىغا غايە ۋە مەجبۇرىيەت بەلگىلەپ بېرىدۇ. ئىمان ئىنسانغا روھى خاتىرجەملىك، قەلبى تىنچلىق ئاتا قىلالايدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىنساننى ئىككىلىنىش ۋە قورقۇنچ بېسىپ كەتمەيدۇ، غەم قىلىش ۋە ئۈمىدسىزلىنىش كونترول قىلىۋالمايدۇ.

www.munber.org

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿مۆمىنلەرنىڭ ئىمانىغا ئىمان قوشۇلۇش ئۈچۈن، ئاللاھ ئۇلارنىڭ دىللىرىغا تەمكىنلىكنى چۈشۈردى﴾ دەيدۇ. [سۈرە فەتھ 4 ـ ئايەت]

يەنە: ﴿(تەۋبە قىلغانلار) ئىمان ئېيتقانلار بولۇپ، ئۇلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ﴾ دەيدۇ. [سۈرە رەئد 28 ـ ئايەت]

ئىمان توغرا يولغا باشلىغۇچى كۈچ ـ قۇۋۋەتتۇر، ئۇ يولنى نۇرلاندۇرۇپ بېرىدۇ. ئۇ ياخشىلىققا ئىنتىلدۈرىدىغان كۈچلۈك تۈرتكە. ئۇ يامانلىقتىن توسىدىغان، ئىستىلنى ئۆلچەمگە سېلىپ تۇرىدىغان كۈچدۇر. ئۇ مۆمىنلەرنى بىر ـ بىرى بىلەن تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان بىرلەشتۈرگۈچى كۈچدۇر.

## ئىماننىڭ ئىنسان ھاياتىدىكى ئورنى

دىننىڭ ھەقىقىتى ۋە ۋەزىپىسى تۆۋەندىكى ئىشلاردا كۆرۈنىدۇ:

1. ئىنسان بىلەن پەرۋەردىگارىنىڭ ئارىسىنى باغلاش، ئاللاھنىڭ ئىنساننى ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى، ئۇنىڭغا يېقىن ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدۇرۇش، ئىنساننىڭ يۈرىكىنى ئاللاھقا بولغان ئىشەنچە، خاتىرجەملىك ۋە ئۇنىڭ قېشىدىن كەلگەن بارلىق نەرسىلەرگە بولغان ئىمان بىلەن تولدۇرۇش؛

2. ئىنساننىڭ قەدىر قىممىتىنى ھۆرمەتلىك ۋە گۈزەل شەكىلدىكى بىر مەخلۇق ھالىتىگە كۆتۈرۈش؛

www.munber.org

3. ئىنسانىنىڭ كەڭرى كائىنات بىلەن بولغان ئالاقىسىنى كېڭەيتىش. چۈنكى ئىنسان بۇ چوڭ كائىناتتا ئەھمىيەتسىز نەرسە ئەمەس ياكى كائىنات ئىنسانىنىڭ دۈشمىنى ئەمەس بەلكى كائىنات ئىنسانىنىڭ مەنپەئەتى ئۈچۈن بويسۇندۇرۇلغان مەخلۇقتۇر. شۇنداقلا كائىنات ياراتقۇچىنىڭ كاتتىلىقىغا بولغان دەلىلدۇر.

4. ئىنسانىنىڭ ئۆمرىنى بۇ قىسقا دۇنيا ھاياتىدىن مەڭگۈلۈك ئاخىرەت ھاياتىغا باغلاش. ئىنسانىنىڭ ۋەقەلىكى تۇغۇلۇپلا ئۆزۈن ئۆتمەي ئۆلۈپ تۈگەيدىغان مەخلۇق ئەمەس. بەزىبىر دەھرىزىملەر مۇنداق دېگەن. ئاللاھ بۇلارنىڭ سۆزىنى ھىكايە قىلىپ قۇرئان كەرىمدە: ﴿بىزنىڭ مۇشۇ دۇنيا ھاياتىدىكى ھاياتىمىزدىن باشقا ھايات يوقتۇر. بىز ئۆلىمىز ۋە تىرىلىمىز (يەنى بىر تەرەپتىن ئۆلۈپ تۇرىمىز ۋە بىر تەرەپتىن تۇغۇلۇپ تۇرىمىز)، بىز قايتا تىرىلمەيمىز﴾ دېگەن [سۈرە مۆمىنۇن 59 ـ ئايەت]

بەلكى ئىش ئۆمەر ئىبنى خەتتاب دېگەندەكتۇر: «سىلەر مەڭگۈلۈك ئۈچۈن يارىتىلدىڭلار، سىلەر بىر دۇنيادىن يەنە بىر دۇنياغا يۆتكىلىسىلەر».

بۇ مەزمۇنلارنى ۋە ئىنسانىنىڭ دۇنياغا كېلىش سىرىنى تونۇشى، ئىنسانلىقىنىڭ ھەقىقىتىنى ھېس قىلىشى، ھاياتىدىكى ۋەزىپىسىنى ئاڭقىرالىشى پەيدا قىلىدۇ. ھەممىسى ئىمانىنىڭ مېۋىسىدۇر .

www.munber.org

## ئىماننى يېڭىلاش ئۈچۈن ئەمەل قىلىش لازىم

قەلب ۋە ھاياتتا ئىماننى يېڭىلاش ئۈچۈن بارلىق ئۇسۇل - چارىلار بىلەن ئەمەل قىلىش لازىم. دىنغا سەل قاراش ياكى دىنغا دۈشمەنلىشىش نەزرى بىلەن قاراش ئەڭ خەتەرلىك ئىشلاردۇر. ئىمان ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا يول ۋە ئاخىرەتنىڭ تەييارلىقىدۇر. جەننەت قىيىنچىلىقلار بىلەن، جەھەننەم شەھۋەتلەر بىلەن توشۇپ كەتتى. قىيىنچىلىقلارنى ياخشى كۆرىدىغان، ئاللاھ يولىدىكى ئازابنى تاتلىق سانايدىغان ئىچكى روھى كۈچ بولمىسا، جەننەتكە ئېلىپ بارىدىغان قىيىنچىلىقلارنى كۆتۈرۈپ كېتەلمەيمىز ۋە جەھەننەمگە باشلايدىغان شەھۋەتلەرگە قارشى تۇرۇپ بولالمايمىز.

بۇ روھى كۈچنى ئىمان يارىتىدۇ. ئىمان ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشىمىزغا ئاساسلىق تۈرتكە بولىدۇ. ئىمان ئىنساننىڭ پەرزلەرنى ئادا قىلىشى بىلەن ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئىنسان نەپلە ئىبادەتلەر بىلەن ئاللاھقا كۆپ يېقىنلىشالايدۇ. ئاللاھ بىر ئىنساننى ياخشى كۆرسە ئۇنىڭ ئاڭلايدىغان قۇلىقى، كۆرىدىغان كۆزى، تۇتىدىغان قولى بولۇپ بېرىدۇ. ئۇ دۇئا قىلسا ئىجابەت قىلىدۇ، بىر نەرسە سورىسا بېرىدۇ.

ئىمان ئارقىلىق دۇنيا ۋە ئاخىرەتنىڭ بەختىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ. ئىمان ھەممە كىشلەر ھېرىس بولىدىغان دۇنيانىڭ بەختىگىمۇ يول ئاچىدۇ. بۇنى ئاز ساندىكى كىشلەر ھېس قىلالايدۇ.

www.munber.org

ئىمان ئىنسانغا خاتىرجەملىك، بەختنىڭ روھى بولغان كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىنى ۋە روھنىڭ بەختىنى بېرەلەيدۇ.

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿ئىمان ئېيتقانلارنىڭ دىللىرى ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ، بىلىڭلاركى، دىللار ئاللاھنى ياد ئېتىش بىلەن ئارام تاپىدۇ. ئىمان ئېيتقان ۋە ياخشى ئەمەللەرنى قىلغانلار خۇشاللىققا، گۈزەل قارارگاھقا (يەنى جەننەتكە) ئېرىشىدۇ﴾ دەيدۇ. [سۈرە رەئدە 28 ـ 29 ـ ئايەت]

ئىنسان مال دۇنيا ۋە بايلىق ئارقىلىق پۇل بىلەن سېتىۋالغىلى بولىدىغان كۆپلىگەن لەززەتلەرنى قولغا كەلتۈرەلىسىمۇ، بىراق ھەقىقى بەخت بازاردا تېپىلمايدۇ. ئۇنى پۇل ۋە مال ئارقىلىق سېتىۋالغىلى بولمايدۇ. چۈنكى ھەقىقىي بەخت قەلبىنىڭ چوڭقۇرىدىن ئېتىلىپ چىقىدۇ. ئۇ يەردىن بۇ يەردىن ئىمپورت قىلسا بولىدىغان تاۋار ئەمەس.

بىر مۇسۇلمان كىشى شۇنداق دېگەن: «بىز بەخت ئىچىدە ياشايمىز، ئەگەر ئۇنى پادىشاھلار ھېس قىلىپ قالسا قىلىچ بىلەن تالاشقان بولاتتى».

بەزىدە ئىنسان ئىلىم ـ مەرىپەت ۋاستىسى ئارقىلىق بارمىقى بىلەن باسسا يىراقنى يېقىنلاشتۇرۇپ بېرىدىغان، تۆمۈرنى يۇمشىتىپ بېرىدىغان، ھەركەتسىزنى ھەركەتلەندۈرىدىغان، ھەركەتلىنىۋاتقان نەرسىنى ھەركەتسىزلاندۇرىدىغان ئاپتوماتىك دۇنياسىدا ياياشات ياشىشى مۇمكىن. بىراق ئىلىم ـ مەرىپەت ئىنساننىڭ بەدىنىگە كەڭ تاشا تورمۇش ھازىرلاپ بەرسىمۇ، ئۇنىڭغا كۆڭۈلنىڭ خاتىرجەملىكىنى تەييارلاپ بېرەلمىدى. ئۇنىڭغا ئۇسۇل ـ

www.munber.org

چارىلارنى بىرەلىدى. ياشايدىغان غايە بىرەلمەيدى. چۈنكى بۇ ئىلىم - پەننىڭ ۋەزىپىسى ئەمەس، ئىماننىڭ ۋەزىپىسىدۇر.

بىز دەۋاتقان ئىمان، ئىنساندا ياخشىلىق تۇرۇتكىلىرىنى، يامانلىقنى يامان كۆرۈش تۇيغۇسىنى ئۆستۈرىدۇ. قەلبىنى ئەرزىمەس ھېسسىي ماتالارنىڭ تارتىش كۈچىدىن يۇقىرى روھى ئۇپۇققا كۆتۈرلۈشكە بولغان رغبەت ۋە ئارزۇ بىلەن توشقۇزىدۇ.

ئىمان ئىنساننىڭ يۇقۇرى كۆتۈرلىۋاتقان ئىشتىياقى بىلەن پەسكەش شەھۋەت تۇيغۇللىرى ئۈستىدىن ھالقىپ ئۆتۈشكە كۈچ - قۇدرەت ۋە ئىقتىدار ھازىرلاپ بېرىدۇ. ياشلارغا، سەلدەك شەھۋەتلەر ئالدىدا تۇرمىنىڭ خارلىقنى قوبۇل قىلىپ، گۇناھ ۋە شەھۋەتنىڭ قىزىقتۇرىشىنى رەت قىلىدىغان يۇسۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىرادىسىدەك ئىرادە ئاتا قىلالايدۇ.

يۇسۇف مۇنداق دېگەن: ﴿ئى پەرۋەردىگارىم! ماڭا ئۇلار ئۈندىگەن نەرسىدىن كۆرە زىندان سۆيۈملۈكتۇر﴾ [سۇرە يۇسۇف 33 ـ ئايەت]

ئىمان قۇربان بېرىش مەيدانلىرىدا ئىسمائىل ئەلەيھىسسالامنىڭ سەۋر قىلغىنىدەك سەۋر ئاتا قىلالايدۇ.

بىز تەلەپ قىلىۋاتقان ۋە ئىزدەۋاتقان ئىمان ئۆز تۈپرىقىدا ئەخلاق دەرىخىنى ئۆستۈرىدۇ، ھەر ساھەلەردە يۇقىرى پەزىلەت ۋە ئالىي قىممەتلەرنى ئاشۇرىدۇ.

ئەخلاقسىز ئۇممەتلەرنىڭ چوڭ مەسئۇلىيەتلەرنى ئۆز ئۈستىگە ئالالمايدىغانلىقىنى ۋە ئىجادىيەتلىك خىزمەتلەرنى ئېلىپ بارالمايدىغانلىقىنى تارىخ ئىسپاتلاپ ئۆتتى.

www.munber.org

ئەخلاقسىز ئۈممەت ئاساسسىز بىناغا ئوخشايدۇ. ئۇ بىنا ھەر قانچە ئېگىز ۋە ئۇستۇن بولسىمۇ چوقۇم ئۆرۈلۈپ چۈشىدۇ.

شائىر شەۋقى شۇنداق دېگەن:

«ئەخلاقى جەھەتتىن بۇزۇلغان مىللەتكە ماتەم تۇتۇپ، ھەسرەت چەكسەڭ بولىدۇ».

ئۇزۇندىن بېرى كۆپلىگەن ھاكىملار- مەسئۇللار ئىنساننىڭ سىرتقى تەرىپىدىن ئەمەس، ئىچىدىن باشقۇرۇلىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قېلىپ جەمئىيەتنىڭ ئىستىلىنى ھەر تۈرلۈك قانۇنلار بىلەن كونترول قىلىشقا ئۇرۇنغان بولسىمۇ، ئۇلارنىڭ قانۇنلىرى ھېچ نەرسىگە ئەسقاتمىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار زىيان تارتتى. ھەقىقەتەن ئۇستىدىن ھاۋايى-ھەۋەس، ياخشىلىق ئۇستىدىن شەخسىيەتچىلىك غەلىبە قىلىپ كەتتى. مەجبۇرىيەت ئاۋازىدىن پەسكەش شەھۋەت ئاۋازى يۇقىرى كۆتۈرلۈپ كەتتى. شۇ سەۋەپلىك كۆپلىگەن جىنايەتلەر تاراپ كەتتى. ئەڭ يۇقۇرى سەۋيىدە تىراگىدىيە ۋە رەسۋاچىلىق ئاشكارا بولدى .

ئەنگىلىيە سوتچىلىرىنىڭ بىرىسى شۇنداق خاتىرە يېزىپ قالدۇرغان: (جەمئىيەت قانۇنسىز مۇقىم بولمايدۇ. قانۇن ئەخلاقسىز كونترول قىلالمايدۇ، ئەخلاق ئىمانسىز ئۇستۇنلۇككە ئېرىشەلمەيدۇ).

ئىمان مۇسۇلمان ئىنساندىكى يوشۇرۇن كۈچلەرنى ئېتىلدۇرۇپ چىقىرىدۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمان ئۆزىدە ئىجادىيەت يارىتىش، قەھرىمانلىقنى ئىشقا ئاشۇرۇش ۋە ئاجايىپ ئىشلارنى بارلىققا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئاللاھقا ۋە

www.munber.org

قىيامەت كۈنىگە بولغان ئەقىدە كۈچى پارتىلاپ ھەرىكەت قىلىدۇ. بىز بۇ ئەھۋاللارنى ئۆتمۈشتىكى تارىختا ۋە ھازىرقى ئەسىرىمىزدە كۆرەۋاتىمىز.

ئىنسان كۆڭلىگە: «ئاللاھنىڭ تەقدىرى شەكسىز ئىجرا بولىدۇ، رىزىق بىلەن ئەجەل ئاللاھنىڭ قېشىدا يېزىلىپ كەتكەن. رىزىق تەقسىم قىلىنىپ بولغان، ئەجەل بەلگىلەنگەن» دەيدىغان چۈشەنچىگە كەلگەن ۋاقتىدا ئىمان ناھايىتى زور كۈچ- قۇۋۋەت ئاتا قىلىدۇ.

ئىمان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئالاقىنى كۈچەيتىدۇ. ئۇلارنى قېرىنداشلىق سايىسى ئاستىدا جەملەپ، ئەڭ كۈچلۈك مۇھەببەت تۈيغۇسى بىلەن باغلايدۇ. ئىمان مۆمىنلەر ئارىسىدىكى مۇستەھكەم تۇتقۇدۇر.

ئىمان ھارارىتى ۋە كۈچ قۇۋۋىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ ئالاقىسىغا توسالغۇ بولۇۋاتقان ئىرقى ئايرىمىچىلىق، نەسەب، تىل، يۇرتۋازلىق توسالغۇلىرىنى ئېرىتىپ تاشلايدۇ ۋە ئەقىدە ئالاقىسىنى قان ياكى تۇققانچىلىق ئالاقىسىدىن يۇقىرى ۋە كۈچلۈك ئورۇنغا قويىدۇ.

بۇ بۈيۈك قېرىنداشلىق سايىسى ئاستىدا، چوڭ- كىچىك ئاداۋەت يوقۇلىدۇ. كىشىلەر تالىشىۋاتقان دۇنيا ئاددى نەرسە بولۇپ كۆرۈنىدۇ. ھەسەت ۋە بىر- بىرنى يامان كۆرۈش تۇيغۇلىرى قورۇلۇپ تۆگەيدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر بىرنى يامان كۆرۈشنى ئۇممەتلەر كىسىلى دەپ ئاتاپ: «ئۇ دىننى يوقىتىشقا ئېلىپ بارىدۇ» دېگەن. [تىرمىزى بايان قىلغان]



www.munber.org

مەسىلە قەلبنىڭ ساغلام بولۇشى بىلەنلا توختاپ قالمايدۇ. بەلكى قەلبنى ئاللاھنى ياخشى كۆرۈشتىن ئىبارەت چىققان چوڭ مۇھەببەت ئاۋات قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: «سىلەر مۆمىن بولمىغىچە جەننەتكە كىرەلمەيسىلەر، بىر-بىرىڭلارنى ياخشى كۆرۈشمىگىچە مۆمىن بولالمايسىلەر» دېگەنىدى. [مۇسلىم بايان قىلغان]

بۇ نۇقتىدا قېرىنداشلىق، مۇھەببەت ۋە ئۆتۈنۈشتىن ئىبارەت يۇقىرى تۇيغۇلار ياخشىلىقتا بىرلىشىش، خۇشاللىق ۋە مۇسىبەتتە بىر-بىرىگە كۆيۈنۈش ۋە بىر بىرىگە ھەمكارلىشىش ھالىتىگە تەرەققى قىلىدۇ.

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۆمىنلەرنى تەسۋىرلەپ: «مۆمىن - مۆمىنگە نىسبەتەن بىر - بىرىنى چىڭىتىپ تۇرغان كېسەكلەرگە ئوخشايدۇ» دېگەن. [بۇخارى بايان قىلغان]

www.munber.org

## خاتىمە

21 ـ ئەسىر ئاللاھ خالىسا ئەقىلنى ئىلىم مەرىپەت، قەلبنى ئىمان، ھاياتنى ئىسلام تەلىماتلىرى بىلەن ئازاد قىلىدىغان ئەسىردۇر.

ئاللاھ قۇرئاندا: ﴿ئۇلارغا بىز تاكى قۇرئاننىڭ ھەق ئىكەنلىكى ئېنىق بولغۇچە، (ئاسمان زېمىن) ئەتراپىدىكى ۋە ئۆزلىرىدىكى (قۇدرىتىمىزگە دالالەت قىلىدىغان) ئالامەتلەرنى كۆرسىتىمىز﴾ دەيدۇ. [سۈرە فۇسسىلەت ـ 52 ـ ئايەت]

www.munber.org